# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

13



— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى —

مۇقاۋا رەسىمنى سىزغۇچى : مەمەت ئابدۇرېھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-12028-4
9 787228 120284 >
定价：12.00 元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

**13**

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى —

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔民间故事. 13：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.11
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978－7－228－12028－4

Ⅰ. 维… Ⅱ. 维… Ⅲ. 维吾尔族－民间故事－作品集－中国－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 177987 号

策　　划　阿不都热合曼·艾白，艾合买提·伊明
责任编辑　艾合买提·伊明
责任校对　阿布勒孜·阿巴斯 等
封面设计　买买提·诺贝提
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话　(0991)2827472
邮　　编　830001
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　乌鲁木齐八家户彩印有限公司
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　5
版　　次　2008 年 11 月第 1 版
印　　次　2008 年 11 月第 1 次印刷
印　　数　1－5000
定　　价　12.00 元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 13


نەشرگە تەييارلىغۇچى : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
پىلانلىغۇچىلار : ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5
نەشرى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1—5000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12028—4
باھاسى : 12.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي ۋە گۈزەل بىر خەزىنە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بىسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، جۇملىدىن باي، گۈزەل ۋە پارلاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا، باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رەڭدار گۈلشەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى ۋە كەڭلىكى بىلەن، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە گۈزەللىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ، ۋەقەلىكى تاۋلانغان، نەتىجىسى روشەن ھەم ئۈمىدۋار، تىلى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چۆچەك پېرسوناژلىرى بولغان، بىر پۈتۈن ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمگەكچى خەلق مېڭىسىدىكى

ئىنكاسى، ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنىڭ، غايە ۋە ئارمىنىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. چۆچەكلەر ئاساسەن رېئالىزملىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ قويۇق ئىپادىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، ئەمگەكچان روھى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، شۇنداقلا ئېسىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرگە ياخشى بىلەن ياماننى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۆز بىلەن دۈشمەننى، خۇنۇكلۇك بىلەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيىۋى رولىنى بايقىۋالالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن چۆچەكلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ياخشىلىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكى ئويغىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۇرمۇشنى، تارىخنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى رولى، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتىكى رولى، گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۇرۇشتىكى ئېستېتىكىلىق رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن، سىڭىشىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان. بۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خەلق

تۇرمۇشى بىلەن قان ـ گۆشتەك زىچ مۇناسىۋەتتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كېلىپ، نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. يېزىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەللەردە خەلق چۆچەكلىرى يىغىپ خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتمەي داۋاملىق مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ ئىش بىزدە بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئىشلەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىرقانچە توپلام قىلىپ ئىشلەنگەنىدى. 80 ـ ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىمىز بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە يىغىلدى، رەتلەندى ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرلەر قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش، رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ۋۇجۇدقا كەلدى. قولىڭىزدىكى 23 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەل مۇشۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق چۆچەك

كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇناسىپ قىزىقارلىق قىستۇرما رەسىملەر سەپلەنگەن.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ مول ۋە رەڭدار ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بۇ كىتابلىرىمىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، تارىخىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتىكى ئاساسىي مۇددىئايىمىزمۇ دەل مۇشۇ.



# مۇندەرىجە


بەڭۈشى بىنارى ............................ 1

مېھرى بىلەن ۋاپا ............................ 24

پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ............................ 55

زېرەك ............................ 68

ئەينەك تاغ ............................ 87

خىزىر نىياز ............................ 108

قۇدرەتنىڭ كەچۈرمىشلىرى ............................ 129

ۋاپادار قۇش ............................ 147

# بەڭۈشى بىنارى

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ بولغانىكەن. پادىشاھنىڭ شاپائىتىدىن خەلقى باياشات، يۇرتى ئاۋات، ئامان ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئارزۇلاپ باققان بىرلا ئوغلى بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى بەڭۈشى بىنارى ئىكەن.

بەڭۈشى بىنارى توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى پادىشاھ ئوغلى ئۈچۈن يەتتە ئىقلىمنىڭ ھۈنەرۋەن - ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، بىر گۈزەل باغ بىنا قىلدۇرغانىكەن. باغقا دۇنيادىكى بارلىق گۈل - گىياھ پەرۋىشچىلىرىنى يىغىپ، رەڭگارەڭ گۈللەرنى ئۆستۈرۈپ، باغنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا شۇنداق كارامەت بىر راۋاق سالدۇرۇپتۇكى، تاملىرى مەرمەردىن، تۈۋرۈكلىرى ئالتۇندىن، نەقىشلىرى لەئەل - ياقۇتتىن ئىكەن. بۇ راۋاقنى بىر كۆرگەن كىشى ھەيرانۇھەس بولۇپ، ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ قويىدىكەن.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ دانا، ئەقىللىق دۆلەت ئەربابى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى كۆزلەپ، بۇ باغقا نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەھلىنى يىغىپتۇ.

بەڭۈشى بىنارى نەسىھەتكە قۇلاق سالماي، كۈنلەپ، ئايلاپ ئويناپ، كۈنلەرنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇنىڭغا بېشى بەكمۇ قېتىپتۇ، ئوغلىنىڭ كېيىنلىكى ھەققىدە

كېچە - كۈندۈز خىيال قىلىپ، غەم يەپ، كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى-گە ئەگىشىپ پادىشاھنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ھېچقاندىق داۋا ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

بەڭۋشى بىنارى ئانىسى گۈلى شەمشە بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنى باشقۇرۇپ تۇرۇپتۇ. دادىسىنىڭ يەتتە نەزىرىنى بېرىپ بولغان بەڭۋشى بىنارى قىرىق ئاغىنە تۇتۇپ، غەم - قايغۇ-لىرىنى ئۇنتۇپ، ئاغىنىلىرى بىلەن ئەيش - ئىشرەتلىك تۇر-مۇشقا بېرىلىپ كېتىپتۇ، كۈنلەپ، ئايلاپ ئوردىغا كىرمەيدى-غان بولۇپ قاپتۇ. ئانىسى گۈلى شەمشىنىڭ بېشى قېتىپ، ئوغلىدىن قايغۇرۇپ كۆزىدىن ياش قۇرۇماپتۇ.

بەڭۋشى بىنارى جاھاندىن بىخەۋەر ھالدا خەزىنىدىكى ئالتۇن - كۈ-مۈشلەرنى قى-رىق دوستى بىلەن يەپ - ئىچىپ تۈگى-تىۋېتىپتۇ. ئا-قىۋەتتە ئانىسى گۈلى شەمشە بىلەن ئىككىسى تىكەندەك يالغۇز قاپتۇ. ۋەزىر، ئەمىر - لەش-كەرلەر بىر - بىرلەپ ياقا يۇرتلارغا كېتىپ



قاپتۇ. بەڭۈشى بىنارى بىلەن ئانىسى ئىككىيلەن بىر لوقما تائام يېمەي يەتتە كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بەڭۈشى بىنارى قىلغان ـ ئەتكەن ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ئانىسىغا:

— ئى مېھىر ـ شەپقەتلىك ئانا، بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى، ئاغزىمىزغا بىر لوقما تائام سالمىدۇق. مەن دوستلىرىمدىن بىرەرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئازراق يەيدىغان نەرسە تېپىپ كېلەي، — دەپتۇ. ئانىسى رازىمەنلىك بىلدۈرۈپتۇ. بەڭۈشى بىنارى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئاغىنىسى پولۇنى ئۇسۇپ يېيىشكە تەييارلىنىپ ئولتۇرغانىكەن، بەڭۈشى بىنارىنىڭ ئىشىكتىن كىرگىنىنى كۆرۈپ دوستىنىڭ ئايالى ئاشنى قازانغا ئالدىراپ تۆكۈۋېتىپتۇ. دوستى كەچ كىرگۈچە بەڭۈشى بىنارىنى گەپكە سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. خۇپتەن بولغاندا بىر لوقما تائامغا ئېرىشەلمىگەن بەڭۈشى بىنارى ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ، ئاخىر ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، مال ـ بىساتىم كۆپ چاغدا قىرىق ئاغىنەممۇ تەڭ خەجلىشىپ بەرگەنىدى، ئۇلارنىڭ بىرەرىنىڭ ئۆيىدىن بىر ۋاخلىق تاماق يەپ كەلسەم ئەجەب ئەمەس، دەپ يەنە بىر ئاغىنىسىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئاغىنىسى ئۇنى كۆرۈپ تونۇماسقا سېلىپ، ئىشىك ـ تۈڭلۈكلىرىنى تاقاپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يەتتە كۈن ئىچىدە قىرىق ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ.

بەڭۈشى بىنارى ئۆزىنىڭ ئەقىلسىزلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان يەپ، كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي خىيال قىلىپ، ئانىسى گۈلى شەمشىگە:

— ئى ئۇلۇغ ئانا، مېنى قانچە جازاغا تارتسىڭىزمۇ ئاز-

لىق قىلىدۇ، مېنىڭ سەۋەبىمدىن بىز مۇشۇ ھالغا قالدۇق. ئەمدى سىز قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرئاز پۇل ئۆتنە ئېلىپ كەلسىڭىز، كېرەملىك شاھ ئاتامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بول-سىمۇ بېرەر، — دەپ قازىنىڭ ئۆيىگە بۇيرۇپتۇ.

ئانىسى گۈلى شەمشە ماقۇل بولۇپ، قازىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىر ئاش پىشىم يول ماڭغاندىن كېيىن قازىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەپتۇ. قازى ئۆيدىن چىقىپ، پادى-شاھنىڭ ئىززەتلىك خانىشى گۈلى شەمشىنى كۆرۈپتۇ. قازى ئىززەت - ئىكرام بىلەن سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. مۇلازىملىرى گۈلى شەمشىنىڭ ئالدىغا داستىخان ھازىرلاپ، تۈرلۈك نازۇنېمەتلەرنى كەلتۈ-رۈپ، چاي قۇيۇپتۇ. خانىش گۈلى شەمشە تائاملارنى ھۇزۇرلى-نىپ يەۋېتىپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپتۇ. قازى ھەيران بولغىنىچە:

— سىلىنى بۇنچىلىك يىغلاتقۇدەك قايسى بىئەدەپنىڭ يا-مان كۆزى تەگدىكىن؟ تېز ئېيتسىلا، كېرەملىك شاھىمنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. نېمە مەقسەتلىرى بولسا تارتىنماي ئېيتسىلا، — دەپتۇ قول باغلاپ تۇرۇپ.

— ئى قازىم، ئوغلۇم شىكارغا چىققان يېرىدە خەزى-نىنىڭ ئاچقۇچىنى يىتتۈرۈپ قويغانىكەن. ئانا - بالا ناشتى-سىز ئولتۇرغىلى بۈگۈن نەچچە كۈن بولدى. بۇ كۈنگىچە ئاچقۇچ تېپىلمىدى. ئوغلۇم: «قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىڭ، مىڭ تىللا ئۆتنە بەرسۇن، شۇ پۇلغا ئاچقۇچ ياسىتىپ خەزىنىنى ئاچايلى» دېۋىدى، شۇ ۋەجدىن ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا كېلىۋې-دىم، — دەپتۇ. قازى مىڭ تىللا بېرىپتۇ. گۈلى شەمشە مىڭ تىللانى ئەكېلىپ ئوغلىغا بېرىپتۇ. بەڭۋشى بىنارى مىڭ تىللاغا قىرىق قېچىرغا لىقمۇلىق مال ئارتىپ، ئۈچ غۇلامنى

ئېلىپ كەپتۇ. ئانىسى گۈلى شەمشە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئازراق پۇل بىلەن ئانىسىنى قالدۇرۇپ، كېچىلەپ بۇ شەھەر-دىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ، ئۈچ ئاچىماق يولنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قاپتۇ. ھەربىر يولنىڭ دوقمۇشىدا: «بارسا كېلۇر»، «بارسا كەلمەس»، «بارسا كېلەر ياكى كەل-مەس» دېگەن خەتلەر يېزىقلىق ئىكەن.

بەھۇشى بىنارى قېچىرلارنى قامچىلاپ، «بارسا كەلمەس» يولغا قاراپ راۋان بوپتۇ. بەھۇشى بىنارى بىر كۆزى ئارقى-سىدا، بىر كۆزى ئالدىدا، قازى بىلىپ قالسا، مېنىڭ تىللانى دەپ قوغلاپ كېلىپ مېنى شەرمەندە قىلارمۇ، دېگەن غەم - ئەندىشە بىلەن كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، قوي - كالىلار ئوتلاپ تۇرغان يايلاقتىكى بىر بۇلاق بېشىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۈچ غۇلام، مۇشۇ يەردە چۈشىدىغان ئوخشايمىز، دەپ ئويلىغا-نىكەن، بەھۇشى بىنارى ئىلگىرىكىدەك بىر كۆزى ئالدىدا، بىر كۆزى ئارقىدا توختىماي مېڭىۋېرىپتۇ. غۇلاملار بۇنىڭدىن ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئۈچ غۇلام بەھۇشى بىنارىغا:

— ئى بەھۇشى بىنارى، مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ ئارام ئې-لىپ، قېچىرلارنى تويغۇزۇپ ئاندىن ماڭغان بولساق، — دەپتۇ. بەھۇشى بىنارى ھېچ نەرسە دېمەي مېڭىۋېرىپتۇ. ئۈچ غۇلام:

— ئەي بەھۇشى بىنارى، سىز ماڭغاچ تۇرۇڭ، بىز قې-چىرلارنى تويغۇزۇپ، ئارقىڭىزدىن بارايلى. قېچىرلار بىر چاي-نام ئوت يېمىگىلى ئون بەش كېچە - كۈندۈز بولدى، ئاچ-لىقتىن يىقىلىپ يېتىۋالغىلى تۇردى، بىز قويۇپ بەرمىگۇرلىماي ھار-دۇق. مۇشۇنداق يەنە بىرنەچچە كۈن ماڭساق قېچىرلار ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، — دەپ ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ. بەھۇشى بىنارى ئامال-سىز ماقۇل بولۇپ، شۇ بۇلاق بېشىغا چۈشۈپتۇ. ئۈچ غۇلام

چېدىرلارنى تىكىپ، چاي قاينىتىپ بەگۈشى بىنارىنىڭ ئال-
دىغا ئەكەپتۇ. ئۇلار ئىشتىها بىلەن غىزالىنىپتۇ. ئېغىر هار-
دۇق يەتكەن ئۇچ غۇلام ئولتۇرغان يېرىدە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.
بەگۈشى بىنارى شۇ ئولتۇرغانچە ئۇچ كېچە - كۈندۈز ۋاقىت-
نى كۆزىنى يۇلدىن ئۇزمەي ئۆتكۈزۈپتۇ. تۆتىنچى كۈنى بەگ-
ۈشى بىنارى يۈكلەرنى ئارتىپ يولغا راۋان بولاي، دەپ تۇر-
غاندا، ئارقا تاغ تەرەپتىن يەر - ئاسماننى لەرزىگە سېلىپ،
هەيۋەت بىلەن بىر ئاتلىق قىلىچ ئوينىتىپ، ئېتىنى چاپتۇ-
رۇپ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقۇدەك، قارىغۇدەك بولسا، هېلىقى
ئاتلىقنىڭ ئېتى قىرىق ئۇزەڭگىلىك، يالى يەتمىش ئىككى
خىل رەڭدە، ئېگەر - جابدۇقلىرى ئۇنچە - مەرۋايىت، ئالتۇن -
كۈمۈشلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىكەن.
ئېگەرنىڭ چىرايلىقلىقىدىن هەم چەۋەندازنىڭ ئۇزلۇقىدىن
ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ زېمىنغا تال - تال نۇرلىرىنى سېپىپ
تۇرغان كۈنمۇ خىجىل بولۇپ چىمىلدىقىغا كىرىپ كېتىدى-
كەن. هېلىقى ئاتلىقنىڭ ئېتىنىڭ تۇيىقى يەرنى قىرىق گەز
ئويۇپ تاشلايدىكەن، ئېتىنىڭ كىشنەشلىرىدىن ئۇنداق -
مۇنداق ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كېتىدىكەن. ئەمما، بۇ ئات قاتتىق
غەزەپلەنمىسە كىشنىمەيدىكەن. هېلىقى ئاتلىق يىگىت دەرۋازى-
نىڭ قانىتىدەك چوڭلۇقتىكى بىر مىسران قىلىچنى گاھ ئوڭ
قولىدا ئاسمانغا ئېتىپ، سول قولىدا تۇتۇپ، گاھ سول قولىدا
ئاسمانغا ئېتىپ، ئوڭ قولىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ
كىيگەن كىيىملىرىمۇ يەتمىش ئىككى تۇستە بولۇپ، بەگۈشى
بىنارى ئەقىل - هوشىنى يوقىتىپ، تۇرغان يېرىدە قېتىپلا
قاپتۇ. ئۇچ غۇلام ئۇنى يۆلەپ هوشىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن:
— ئى بەگۈشى بىنارى، سىز ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈش-
مىگۈڭىز ۋاجىپتۇر، — دەپتۇ. بەگۈشى بىنارىنىڭ تەنلىرى

ياپراقتەك تىترەپ تۇرسىمۇ، ئۈچ غۇلامنىڭ ياردىمىدە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئى چەۋەنداز، قاياققا كېتىۋاتىسىز؟ ئىسمىشەرىپىڭىز نېمە بولىدىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىسمىم ۋادەرىخ، قاياققا مېڭىشىمنى بىلەلمەي، كەل-سە - كەلمەس ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەنمەن. سىلەر قاياققا كې-تىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئاتلىق كىشى. بەگۈد-شى بىنارى ئەس - ھوشىنى يىغىپ:

— ئىسمىم بەگۈشى بىنارى. بۇ سايىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى شەھەرگە سودىگەرچىلىك قىلغىلى كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ. ۋادەرىخ بەگۈشى بىنارىغا:

— ئى ئاكا، مېنىمۇ قوشۇۋالامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بەگۈشى بىنارى لام - جىم دېمەي تۇرۇپتۇ. ۋادەرىخ:

— ئاكا، دەسمايەڭ مىڭ تىللا ئىكەن، ئىككىلەن بىر-لىشىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ، تاپقان پايدىنى تەڭ ئۈلىشەي-لى، — دەپتۇ. بەگۈشى بىنارى ئۆزىدىكى دەسمايىنىڭ مىڭ تىللا ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ نەدىن بىلىۋالغانلىقىغا ئەقلى يەتمەي، بۇنىڭدا بىرەر كارامەت بار ئوخشايدۇ، قوشساممۇ قوشۇۋالاي، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ماقۇل بوپتۇ. ئاندىن بەگۈشى بىنارى:

— بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرساق بولمايدۇ، يولغا چىقايلى، — دەپتۇ.

— ئاكا، يولغا چىقساق چىقايلى، يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال سىنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام بىجىرىپ كەلسەڭ، — دەپتۇ ۋادەرىخ، — بىز تۇرۇۋاتقان بۇلاق بېشىنىڭ غەرب تەرىپىدە بىر چىغىر يول بار. مۇشۇ يول بىلەن ئۈچ كۈن ماڭساڭ ئاسمانغا تاقاشقان بىر تاغنى كۆرىسەن، يەنە بىر كۈن ماڭغاندىن كېيىن تاغقا يېتىپ بارىسەن. ئۇ تاغدا ھېچقانداق ئادەمزات

يوق. تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر گۈمبەز بار، گۈمبەزنىڭ كى-
چىككىنە تۆشۈكىدىن ئىچىگە قارايدىغان بولساڭ، ئىشىكى قۇ-
لۇپلانغان بىر ئوردا بار. ئوردىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ھەرگىز بار-
ما، تاملىرىنى تۇتما، ئەگەر تاملىرى كىيىمىڭگە سۈركىلىپ
كەتسە، دىۋىلەر ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن ئويغىنىپ كېتىپ جېنىڭ-
دىن ئايرىلىپ قالىسەن. گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرمە. تاغنىڭ تۈ-
ۋىدە ئۈچ تۈپ چىنار بار، ئوتتۇرىدىكى چىناردا بىر ئالتۇن قە-
پەس ئېسىقلىق، ئالتۇن قەپەس ئىچىدە ئاي دېسە ئاي ئەمەس،
كۈن دېسە كۈن ئەمەس ناھايىتى چىرايلىق بىر مەلىكە بار. شۇ
مەلىكىنى ئېلىپ كەلگىن. ئۇ مەلىكە بىز سودىگەرچىلىك قىل-
غىلى بارىدىغان شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى ماھىتابان بو-
لىدۇ. ئۇ قىزنى دىۋىلەر ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن ئەپقېچىپ ئۇ
يەرگە قامىۋەتكەن. مەلىكىنىڭ شۇنداق ئېسىقلىق تۇرغىنىغا
يىگىرمە يەتتە يىل بولدى. دىۋىلەر پادىشاھى مەلىكىنى ھەر
كۈنى كەچتە كۆرگىلى چىقىدۇ. ھازىر دىۋىلەرنىڭ ئۇخلاش
مەزگىلى، دىۋىلەر بىر ئۇخلىغانچە قىرىق كېچە - كۈندۈز
ئۇخلايدۇ. ھازىر ئوتتۇز تۆتىنچى كۈنى بولدى، يەنە ئالتە
كۈندىن كېيىن دىۋىلەر ئويغىنىدۇ. ئۇلار ئويغىنىشتىن بۇرۇن
يېتىپ بارالمىساڭ قىزنى قۇتقۇزالمايسەن، قۇتقۇزۇش ئۈچۈن
يەنە بىر يىل ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. پادىشاھ قىزى ماھىتا-
باننىڭ دەردىدە كۆپ يىغلاپ كۆزى كور بولاي، دەپ قالدى.
بىز ماھىتاباننى پادىشاھنىڭ قولىغا تاپشۇرساق، پادىشاھ كۆپ
ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلىدۇ. ئەمما، سەن ئۇدۇل بېرىپ
قەپەسنى تۇتساڭ دىۋىلەر ئويغىنىپ كېتىپ، سېنى ئۆلتۈرۈ-
ۋېتىدۇ. سەن ئاۋۋال چىنار تۈۋىگە بارماي، تاغنىڭ جەنۇب
تەرىپىگە ماڭساڭ بىر ئۆڭكۈر كۆرۈنىدۇ. بۇ ئۆڭكۈر ناھايىتى
ھەيۋەتلىك بولۇپ، قارىساڭ، قورقۇپ تۈۋلاپ سالىسەن، ھەر-

گىز تۇۋلىماي، ئاغزىڭنى چىڭ ئېتىۋېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىۋەرگىن. ئۆڭكۈردە خىلمۇخىل نەغمە - ناۋالار ئاڭلىنىدۇ، ھايۋانلارنىڭ بەتبەشىرە قىياپەتلىرى كۆزۈڭگە كۆرۈنىدۇ. ئەگەر سەن تۇۋلاپ سالساڭ، شۇ ھامان ياۋا تۇڭگۇزغا ئايلىنىپ كېتىسەن، دىۋىلەر سېنى مىنىپ ئېشەك ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. تاغدا ئاشۇنداق ياۋا تۇڭگۇزلارنى كۆپ كۆرىسەن. ئۇلارمۇ شۇ مەلىكىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەزىمەتلەردۇر. شۇنداق كىرسەڭ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىدە قەپەستە ئۇنلەپ تۇرىدىغان بىر دەمدەر بار. دەمدەر شۇنداق يېقىملىق سايرايدۇكى، ئۇنىڭ سايرىشىدىن گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ، يەرۇ ئاسماندىكى كۆللى مەخلۇق ئۇنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت تىلەپ، ھەمدۇسانا ئوقۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پەيلىرى شۇنداق چىرايلىقكى، يەتمىش ئىككى خىل رەڭدە يېنىپ، كىشىنىڭ ئەقىل - ھوشىنى لال قىلىدۇ. سەن بىرىپلا دەمدەرنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋەت. ئەگەر ئۇنىڭ بويىنىنى ئۈزمىسەڭ، سېنىڭ بۇ يەرگە تىرىك قايتىپ كېلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس، — دەپ بەڭۋۇشى بىنارىنى ئۆزىنىڭ مىنگەن ئېتىغا مىنگۈزۈپ، مىسران قىلىچىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. بەڭۋۇشى بىنارى مىسران قىلىچنى ئوينىتىپ يولغا راۋان بوپتۇ. بەڭۋۇشى بىنارى بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر يەرگە كەلگەندە، بىر توپ ھاشار چۇمۇلىسىنىڭ مەشرەپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. كەچ بولغاندا چۇمۇلە پادىشاھى:

— ئى ئادەمزات، ئىشىڭ يوق بىكار ئادەممۇسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بەڭۋۇشى بىنارى چۇمۇلە پادىشاھىغا:

— تەقسىر، مېنىڭ ئىشىم بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. سېنىڭ پۇقرالىرىڭ بەك ئۇششاق ئىكەن، ئېتىمنىڭ تۇيىقىدا بىگۇناھ

ئۆلۈپ كەتمىسۇن، سىلەر مەشرەپ ئويناپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يولۇمغا راۋان بولاي دېگەنىدىم، — دەپتۇ.

چۇمۇلە پادىشاھى:

— ئى ئادەمزات، سېنىڭدەك رەھىمدىل ئىنساننى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. بۇ ھىممىتىڭ ئۈچۈن تەڭرى سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي. ئەگەر بېشىڭغا كۈن چۈشسە مۇشۇ قېرىندىشىمىنىڭ ئۇستىخىنىنى كۆيدۈرسەڭ، بىز شۇ يەرگە ھازىر بولۇپ، مۇشكۈلۈڭنى ئاسان قىلغايمىز، — دەپتۇ ۋە چۇمۇلىنىڭ بىر پارچە قۇرۇق ئۇستىخىنىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. بەڭۋشى بىنارى چۇمۇلىنىڭ ئۇستىخىنىنى پوتىسىغا تۈگۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىر كېچە يول مېڭىپ ئەتىسى كۈن چېچىلغاندا بىر جايغا يېتىپ كەپتۇ، قارىسا بىر توپ چاشقان مەشرەپ ئويناۋاتقۇدەك. بەڭۋشى بىنارى يەنە بىر كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. كەچ بولغاندا چاشقانلار پادىشاھى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئى ئادەمزات، ئىشىڭ يوق ئادەمموسەن؟

— مېنىڭ ئىشىم زۆرۈر ئىدى. سېنىڭ قوۋمىڭ بەك ئۇششاق ئىكەن، ئېتىمنىڭ تۇيىقىدا ئۆلۈپ كەتمىسۇن، مەشرەپ ئويناپ بولغاندا ئاندىن ماڭاي، دەپ قاراپ تۇردۇم، — دەپتۇ بەڭۋشى بىنارى.

چاشقانلار پادىشاھى بۇنى ئاڭلاپ:

— سەن ئالىيجاناب ئىنسان ئىكەنسەن. بىز تا ھازىرغىچە بىرەر ئىنساننىڭ سەندەك رەھىمدىللىكىنى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. تالاي ئادەملەرنىڭ ئېتىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا نۇرغۇنلىغان قوۋم - قېرىنداشلىرىمىز ئۆلۈپ كەتكەنىدى. بۇ ھىممىتىڭ ئۈچۈن سېنى تەڭرى مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي. ئەگەر بىرەر مۇشكۈلاتقا يولۇقساڭ، بۇ قېرىندىشىمنىڭ ئۇستىخىنىنى كۆيدۈرسەڭ، بىز شۇئان يېنىڭغا ھازىر بولۇپ مۇشكۈلاتىڭنى

ئاسان قىلغايمىز، — دەپ، بىر چاشقاننىڭ ئۇستىخىنىنى ئۇ-
نىڭغا بېرىپتۇ، يەنە بىرنەچچە نۆكىرىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قو-
يۇپتۇ. بەڭۈشى بىنارى كۆپ سۆيۈنۈپ، ئۇستىخاننى پوتىسىغا
تۈگۈپ يولغا راۋان بوپتۇ. چاشقان نۆكەرلەر بەڭۈشى بىنارى-
نىڭ ئالدىدا يول باشلاپ مېڭىپ، دۆلەر شەھىرىگە يېقىن
بىر جايغا ئەكېلىپ قويۇپ خوشلىشىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

بەڭۈشى بىنارى ئۈچ كۈن بولغاندا بىر تاغنىڭ يېنىغا
كېلىپ چۈشۈپتۇ. تاغقا سىنچىلاپ قارىغانىكەن، ئاسمان -
پەلەك ئۆسۈپ كەتكەن ئۈچ تۈپ چىنارنى، ئوتتۇرىسىدىكى
بىر تۈپ چىنارنىڭ شېخىدا بىر ئالتۇن قەپەس ئېسىقلىق
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئالتۇن قەپەستە كۆزلىرى بولاقتەك،
قاشلىرى قىياقتەك، لەۋلىرى جىنەستىدەك، چېھرىدىن نۇر
چاقناپ تۇرغان بىر مەلىكە سولاقلىق تۇرغۇدەك. بەڭۈشى
بىنارى مەلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكىگە ئىشق ئوتى تۇتىشىپ،
ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ يېتىپ قاپتۇ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا
ھوشىغا كېلىپ ۋادەرىخ ئېيتقان غارغا قاراپ راۋان بوپتۇ،
چىڭقىچۈش بولغاندا غار ئاغزىغا كەپتۇ. غارنىڭ ئىشىكى بەڭ-
ۈشى بىنارىنىڭ ھىدىنىڭ تەسىرىدە ئېچىلىپ كېتىپتۇ.
بەڭۈشى بىنارى ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ
ئالدىدا شۇنداق گۈزەل قىزلار ئۇسسۇل ئويناپ ئۇنىڭ قوللى-
رىنى تارتىپتۇ، ئەمما بەڭۈشى بىنارى بەخىرامان مېڭىۋېرىپ-
تۇ. شۇنداق مېڭىپ بىر جايغا بارغاندا، قىرىق كۆزلۈك، توق-
قۇز مۈڭگۈزلۈك، بەتبەشىرە بىر مەخلۇق ئالدىدىن تۇغما ھا-
لەتتە قاتتىق ۋارقىراپ بەڭۈشى بىنارىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ،
ئۇنىڭ چىرقىرىشىدىن ئۆڭكۈرنىڭ تاملىرى قاتتىق سىلكى-
نىپ تىترەپ كېتىپتۇ. بەڭۈشى بىنارى قورقۇپ ئۆلەيلا، دەپ
قاپتۇ، ئەمما چىشىنى چىشلەپ، ۋارقىرىماي، مىسران قىلى-

چىنى مەھكەم تۇتۇپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپتۇ. قا-
رىغۇدەك بولسا، شىر، يولۋاسلار ئۆزىگە خىرىس قىلىپ تۇر-
غۇدەك. بەڭۋشى بىنارى ئۇلار بىلەن بىر ئاش پىشىم قاتتىق
ئېلىشىپ، ئۇلارنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ. يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن قەپەسكە سولاقلىق تۇرغان دەمدەرنىڭ قېشىغا
كەپتۇ. دەمدەرنىڭ چىرايلىقلىقىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ بوينىنى ئۇزۇشكە كۆڭلى ئۇنىماي دەمدەرنى قوينىغا سېلىپ مېڭىۋېرىپتۇ. بەڭۋشى بىنارى غاردىن چىقىپ ئۇدۇل چىنارنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ ۋە چىنارنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ، قىلىچ بىلەن
چىنارغا قارىتىپ: «بۇ مېنىڭ قولۇم ئەمەس، ۋادەرىخنىڭ قولى !» دەپ قىلىچنى چىنارغا قارىتىپ ئۇرغانىكەن، قىلىچ
سۇنى كەسكەندەك چىنارنى كېسىپ تاشلاپتۇ. چىنارنىڭ شېخى گۈلدۈرلەپ ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇ
ئالتۇن قەپەسنى چىناردىن ئاجرىتىپ، قەپەسنى چېقىپ مەلىكىنى ئازاد قىپتۇ. بەڭۋشى بىنارى مەلىكىنى ئېتىنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ، بىر قولىدا قىلىچنى تۇتۇپ، بىر كۆنلۈك
يولنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بېسىپ شامالدەك كېتىۋاتسا،
ئارقا تەرەپتىن بىر شەپە پەيدا بوپتۇ. ئارقىسىغا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، گۈلدۈر - گۈلدۈر، قاراس - قۇرۇس ئاۋازلار ئالەمنى تىترىتىپ بىرنەرسىلەر كېلىۋاتقۇدەك. ئەسلىدە دىۋىلەر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، مەلىكىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانىكەن. مەلىكە بۇنى سېزىپ قاپتۇ - دە، بەڭۋشى بىنارىدىن:

— ئى يىگىت، سىز قەيەردىن كەلگەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن سىزنىڭ دادىڭىزنىڭ شەھىرىگە سودىگەرچىلىك قىلغىلى كېتىۋاتاتتىم. مېنىڭ بىر ئىنىم بار ئىدى، ئۇ سىزنى ئەكېلىشكە بۇيرۇغانىدى، شۇڭا بۇ يەرگە سىزنى قۇتقۇزغىلى

كەلگەنمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەڭۈشى بىنارى.

— ئۇنداق بولسا دەمدەرنىڭ بويىنىنى دەرھال ئۈزۈڭ، دەمدەرنىڭ بويىنىنى ئۈزمىسىڭىز دىۋىلەر بىزنى ساق قويمايدۇ. دىۋىنىڭ جېنى مۇشۇ دەمدەردە، دەمدەرنىڭ بويىنىنى ئۈزسىڭىز شۇ ھامان دىۋىلەر ئۆلىدۇ، بىز شەھىرىمىزگە ئامان-ئېسەن يېتىپ بارالايمىز، — دەپتۇ. بەڭۈشى بىنارى دەمدەرنىڭ بويىنىنى ئۈزۈشكە كۆزى قىيماي، ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماپتۇ. ئارقا تەرەپتىن تۇمەنمىڭ دىۋە قوغلاپ يېتەيلا، دەپ قاپتۇ.

— ئى يىگىت، دەمدەرنىڭ بويىنىنى دەرھال ئۈزۈڭ، بىز دىۋىلەرنىڭ قولىغا چۈشەي، دەپ قالدۇق، — دەپ يىلىنىپتۇ مەلىكە. بەڭۈشى بىنارى يەنە قۇلاق سالماپتۇ. شۇ زامات دىۋىلەر ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇرغىلى تەييارلانغاندا، مەلىكە:

— ئى يىگىت، دەمدەرنى قولىڭىزغا ئېلىڭ، مەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ. بەڭۈشى بىنارى ئامالسىز دەمدەرنى قويندىن ئېلىشى بىلەن، مەلىكە ئۇنىڭدىن دەمدەرنى تالىشىپتۇ. دىۋىلەر شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىككىيلەننىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇرغانىكەن، قىلىچ ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىپ بولغۇچە بەڭۈشى بىنارى چەبدەسلىك بىلەن دەمدەرنىڭ بېشىنى ئېگەرنىڭ قۇشبېشىدا قويۇپ بويىنىنى كېسىۋېتىپتۇ. دەمدەرنىڭ بويىنى كېسىلگەن ھامان دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى تۇرغان يېرىدە جان ئۈزۈپتۇ. ئاندىن ئۇلار يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار شۇنداق مېڭىپ ھېلىقى بۇلاق بېشىغا كېلىپ ۋادەرىخ ۋە ئۈچ غۇلام بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىشىپ بىرنەچچە كۈن شۇ جايدا تۇرۇپ قاپتۇ. ۋادەرىخ:

— ئى ئاكا، سەن دەمدەرنىڭ بويىنىنى ئۈزمەي جېنىڭدىن

ئايرىلىپ قالغىلى تاس قاپسەن، نېمىشقا دەمدەرنىڭ بوينىنى دەسلەپتىلا ئۈزۈۋەتمىدىڭ؟ — دەپتۇ.

— ئۇ دەمدەر بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن، بوينىنى ئۈزگىلى كۆڭلۈم قىيمىغانىدى، — دەپتۇ بەڭۈشى بىنارى.

— ئى ئاكا، ئەگەر قېرىنداش بولساق مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىل، بولمىسا، بىز زىيان تارتىپ قالىمىز، — دەپتۇ ۋادەرىخ.

ئۇلار يۈكلىرىنى ئارتىپ، قىزنىڭ شەھرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، ئوتتۇز توققۇز كېچە - كۈندۈز جاپالىق يول يۈرۈپ مەلىكىنىڭ شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بىر دۇكاننى سېتىۋېلىپ، يۈك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ، شۇ يەردە ھاردۇقىنى ئاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە دۇكاننى ئېچىپ، يەتتە ئىقلىمدىن تېپىلمايدىغان كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەت، نەرسە - كېرەكلەرنى دۇكانغا ساپتۇ. بۇنى



كۆرگەن شەھەر خەلقى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە، ئاڭلىمىغانلارغا ئاڭلىتىپ، ئاڭلىغانلارنى ئالدىرىتىپ ھەش - پەش دېگۈچە دۇكاننىڭ ئالدىغا ھازىر بوپتۇ.

بۇ شەھەرگە گاھى ئالتە ئايدا، گاھى ئالتە يىلدا بىر قېتىم سودىگەرلەر كېلىپ ماللىرىنى سېتىپ كېتىدىكەن. بۇ يۇرت خەلقى يەنە بىر سودىگەر كەلگۈچە يەتكۈچىلىك سودىلىقىنى قىلىۋالىدىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ خانىشى يېڭى كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى تۇرغاندا، مەلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، مالىنىمۇ كۆرمەي ئوردىغا قايتىپ كېتىپتۇ. بۇ دۇكانغا مەلىكىنىڭ ئىنىكئانىسىمۇ مال ئالغىلى كېلىپ مەلىكىنى تونۇپ قاپتۇ. مەلىكىنىڭ مەڭزىدە چولپان يۇلتۇزدەك بىر مەڭ بار ئىكەن. ئىنىكئانا تاللىغان ماللىرىنى قويۇپ قويۇپ: «پۇلۇم كەملەپ قالىدىكەن، ئۆيگە بېرىپ پۇل ئېلىپ كېلەي» دەپ ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

— ئى پادىشاھئالەم، سىلىگە بىر خۇش خەۋەر بار، — دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ ئىنىكئانا، — يىگىرمە يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا غايىب بولغان قىزلىرى مەلىكە ماھىتابان يېڭى كەلگەن سودىگەرلەر بىللەن بىللە سودا قىلىپ ئولتۇرىدۇ. مەن ئۇنى كۆكسۈمدىن ئوقچۇپ چىققان سۈتۈمدىن تونۇدۇم.

پادىشاھ ۋە خانىش قارىسا، دېگەندەك ئىنىكئانىنىڭ كۆكسىدىن سۈت ئېقىۋاتقۇدەك. ئىنىكئانا يەنە:

— ئەگەر بۇنىڭغىمۇ ئىشەنمىسىلە، خانىشنىڭ كۆكسىگىمۇ قاراپ باقسىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ خانىشنىڭ كۆكسىنى ئېچىپ كۆرگەنىكەن، راست، خانىشنىڭ كۆكسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ سۈت تېمىپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ۋەزىر - ياساۋۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ سودىگەرلەرنىڭ دۇكىن-

غا بېرىپ قىزغا سىنچىلاپ قاراپ، راست ئۆزىنىڭ قىزى ئىد-كەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلەر بىلەن مەسلىھەتلىد-شىپ، ئۇلارنى كەچلىك زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ئور-دىغا قايتىپ كەپتۇ.

كەچتە سودىگەرلەر دۇكاننى بالدۇر يىغىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قەدەم تەشرىپ قىپتۇ. پادىشاھ سودىگەرلەرنى ئىز-زەت - ئىكرام بىلەن قىزغىن قارشى ئاپتۇ. سودىگەرلەر غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، قىزغىن سۆھبەت بولۇۋاتقاندا بەگۈشى بىنارى پادىشاھقا:

— كېرەملىك شاھىم، بۇ قىزنى بىز دىۋىلەر شەھىرىدىن قۇتقۇزۇپ ئەكەلگەنىدۇق. ئاڭلىشىمچە، بۇ قىز سىلىنىڭ قىزلىرى ئىكەن. بۇ قىزنى سىلىنىڭ ئۆز قوللىرىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى، دەپ ئويلاشقانىدۇق، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ خۇشلۇقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ. مۇشۇ خۇش خەۋەر ئۈچۈن پۈتۈن يۇرت خەلقىگە ئويۇن - تاماشا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ سودىگەرلەرگە كاتتا تونلارنى يېپىپتۇ ۋە كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— قەدىرلىك سودىگەرلەر، سىلەر ماڭا ھاياتلىق بەر-دىڭلار. ئەگەر سىلەر قىزىمنى قۇتقۇزۇپ كەلمىگەن بولساڭلار، قىزىمنىڭ دەردىدە ئاز كۈن ئىچىدە كۆزۈم كور بولۇپ قالار ئىدى. ئەمدى پادىشاھلىقىنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، سىلەرگە پا-دىشاھلىقىمنى بېرەي، بىرىڭلارغا قىزىم ماھىتابانىنى نىكاھلاپ بېرەي، — دەپتۇ. ۋادەرىخ پادىشاھقا ئېگىلىپ تۇرۇپ:

— كېرەملىك شاھىم، خانلىقلىرى ئۆزلىرىگە قالسۇن، قىزلىرى ماھىتابانىنى ئاكام بەگۈشى بىنارىغا نىكاھلاپ بەر-سىلە، — دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بولۇپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا ئۆتكۈزۈپ، نىكاھ ئوقۇغىلى قويۇپتۇ:

— ۋادەرىخ، سەن مېنى بۇ خىزمەتكە بۇيرۇمىغان بولساڭ بۇ قىزنى مەن قۇتقۇزۇپ كېلەلمەيتتىم، شۇڭا بۇ قىزنى سەن ئالغىن، — دەپتۇ بەڭۋۇشى بىنارى.

— بۇ قىزنى سەن قۇتقۇزۇپ كەلدىڭ، سەن مەندىن چوڭ بولغاندىكىن سەن ئالغىن، — دەپتۇ ۋادەرىخ بەڭۋۇشى بىنارىغا.

ئىككىيلەن بىرلىككە كېلەلمەي ئۈچ كېچە - كۈندۈز تالاش - تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن، مەلىكىنى بەڭۋۇشى بىنارىغا نىكاھ قىلىپ قويۇپتۇ. سودىگەرلەر بۇ شەھەردە بىرنەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، يول تەييارلىقىنى قىلىپ، يۇرت خەلقى بىلەن خوشلىشىپ، مەلىكە ماھىتابانىنى ئېلىپ ئۆز شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. پادىشاھ سودىگەرلەرگە بەش يۈز قېچىر ئالتۇن - كۈمۈش سوۋغات قىلىپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار كۆپ يول مېڭىپ، ئىلگىرىكى بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەپتۇ. قېچىردىكى يۈكلەرنى شۇ يەرگە چۈشۈرۈپ، قېچىرلارنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى شۇ يەردە بىرنەچچە كۈن ئارام ئاپتۇ. ۋادەرىخ بەڭۋۇشى بىنارىغا:

— ئاكا، مەن ئەمدى كەلگەن يولۇمغا قايتىپ كېتەي، — دەپتۇ. بەڭۋۇشى بىنارى ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇشنى دەۋەت قىلىپ ئۇنىڭ كېتىشىگە قوشۇلماپتۇ، ۋادەرىخمۇ ئاكىسىنىڭ گېپىگە قوشۇلماپتۇ. ئاخىر بەڭۋۇشى بىنارى ۋادەرىخكە:

— ئۇكام، بۇ خوتۇننى مەن ئالدىم. بايلىقلارنى تەڭ بۆلۈشسەك سىزگە ئۇۋالچىلىق بولغۇدەك، بۇ بايلىقلارنى بۇ ئۈچ غۇلام شەھىرىڭىزگە ئاپىرىپ بېرىپ كەلسۇن، — دەپتۇ. ۋادەرىخ بۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ. ئۇلار تالاش - تارتىش قىلىشىپ بىر - بىرىنىڭ گېپىگە قوشۇلماي، ۋادەرىخ ئۆزى كەلگەن يول بىلەن ئېتىنى مىنىپ، قىلىچىنى ئوينىتىپ كېتىپ

قاپتۇ. بەگۈشى بىنارى ۋادەرىخ كەتكەن يولغا قاراپ تۇرغىـ-
نىدا، ئۈچ خىزمەتچى:
— ئى بەگۈشى بىنارى، ئىسمىگمۇ بەگۈشى ئىكەن، ئۆ-
زۈگمۇ بەگۈشى ئىكەنسەن. ۋادەرىخ يول كۆرسەتمىگەن بولسا،
شۇ قىزنى ئېلىپ بۇنداق كۆپ دۇنيا تېپىشىڭ مۇمكىنمىدى؟
سەن ۋادەرىخنى تېپىپ بۇ ماللارنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغىن،
بولمىسا ئادەمگەرچىلىك قىلمىغان بولىسەن، — دەپ مەسلى-
ھەت بېرىپتۇ.
بەگۈشى بىنارى ئۇلارنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپ، بەش
يۈز قېچىر مالنى ئېلىپ ۋادەرىخنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ.
يولدا مىڭ مۈشكۈلاتلارنى يېڭىپ بىر جايغا كېلىپ ئەتراپقا
قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا ھەيۋەتلىك يەتتە قات سېپىل كۆرۈ-
نۈپتۇ. سېپىلنىڭ تاملىرى ئالتۇندىن، تۈۋرۈكى مەرمەردىن
ئىكەن. ۋادەرىخنىڭ ئىزى مۇشۇ سېپىلنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا
كەلگەندە غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. بەگۈشى بىنارى دەرۋازىنىڭ
ئىچىگە قارىماق بولغاندا، ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي پەيدا
بوپتۇ ۋە بەگۈشى بىنارىغا:
— ئى ئوغلۇم، قولۇڭنى تارت، بۇ جاي پەرىزاتلارنىڭ
يۇرتىدۇر. ئادەمزات ھىدى كەلسە، ئۇلار دەرھال ئېيىقىقا
ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. سەن نېمە مەقسەت بىلەن بۇ يەرگە كې-
لىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. بەگۈشى بىنارى بوۋايغا بول-
غان ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.
ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي بەگۈشى بىنارىغا:
— بۇ يەردىن ئازراق ماڭساڭ بىر گۈمبەز بار. سەن شۇ
گۈمبەز ئىچىگە كىرسەڭ ناھايىتى چوڭ بىر يىلاننىڭ
ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، تۈيدۈرماي بېرىپ يىلاننى چېپىـ-
ۋەت. يىلاننىڭ يېنىدا بىر مەرمەر كوزا بار. يىلان شۇ مەرمەر

كوزىنى كېچە ـ كۈندۈز ساقلايدۇ. پەرىزاتلارنىڭ جېنى شۇ مەرمەر كوزىدا. يىلان بۈگۈن قاتتىق ئۇيقۇدا، يىلاننى چېپىۋېتىپ مەرمەر كوزىنى دەرھال قولۇڭغا ئېلىۋال. ئۇششاق يىلانلار ئويغىنىپ ساڭا قاتتىق خىرىس قىلىدۇ. سەن ئۇلاردىن ھەرگىز قورقما، قىلچە تىترىمە، سەنمۇ ھەيۋەڭنى كۆرسەت. ئۇلار كېيىن ساڭا يېلىنىدۇ، سەن ئالدىراپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتما. كېيىن ئۇلار سەندىن: «نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. جاۋاب بەرمە. ئۇلار ئۈچ قېتىم شۇنداق سورىغاندىن كېيىن ئاندىن مەقسىتىڭنى ئېيتقىن. دېگىنىم بويىچە قىلمىساڭ ھاياتىڭدىن ئايرىلىسەن، — دەپتۇ ۋە دۇئا قىلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بەڅۋشى بىنارى ئاق ساقال بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ، گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، شۇنداق چوڭ بىر يىلان ئۇخلاۋاتقۇدەك. بەڅۋشى بىنارى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يىلاننىڭ قېشىغا بېرىپ، يىلاننى ئۆلتۈرۈۋېتىپلا مەرمەر كوزىنى قولىغا ئېلىۋاپتۇ. تۈمەنمىڭ يىلان بەڅۋشى بىنارىغا خىرىس قىلىشقا باشلاپتۇ. بەڅۋشى بىنارى قىلچە قورقماي، مەرمەر كوزىنى ئېلىپ گۈمبەزدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. يىلانلار بەڅۋشى بىنارىغا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ:

— ئى يىگىت، سېنىڭ نېمە مەقسىتىڭ بار؟ — دەپ ئۈچ قېتىم سوراپتۇ. بەڅۋشى بىنارى:

— ۋادەرىخنى دەرھال چىقىرىپ بەرمىسەڭلار كوزىنى چېقىۋېتىمەن! — دەپتۇ. يىلانلار ۋادەرىخنى چىقىرىپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ.

قارىسا ئالدىدا ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك بىر قىز تۇرغۇدەك. بەڅۋشى بىنارى يىلانلارغا:

— مەن سىلەرگە بۇ قىزنى ئەمەس، ۋادەرىخنى دېگەنىدىم. سىلەر نېمە ئۈچۈن ۋادەرىخنى چىقىرىپ بەرمەيسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. يىلانلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپ:

— ئى ئادەمزات، بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزدە ئەر كىشى يوق، ئەر كىشىلەر لەشكەرلىككە تۇتۇپ كېتىلگەن. ۋادەرىخ بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ قىزى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بەگۈشى بىنارى قىزغا:

— ئەي مەھبۇبە، دەرھال نىكاھىمغا ئۆت، بولمىسا بۇ كوزىنى چېقىپ تاشلايمەن، — دەپ جار سابتۇ. ۋادەرىخ ئامالسىز بەگۈشى بىنارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىپتۇ ۋە مۇنداق بىر شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ:

— ئەمدى مەن سېنىڭ نىكاھىڭنى قوبۇل قىلدىم، ئەمما بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزدە پادىشاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ توي قىلىشقا بولمايدۇ. پادىشاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىمنىڭلا بولمىسۇن ئادەمزات بىلەن كۆرۈشۈشى مەنئى قىلىنغان. ئەگەر ئىككىمىزنىڭ سۆزلىشىپ تۇرغىنىمىزنى شاھ ئاتام كۆرۈپ قالسا، شۇ ھامان جېنىمىزدىن ئايرىلىمىز. سەن بېرىپ شاھ ئاتامنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ كەلگىن. ئوردىغا كىرگەندە ئوردىدا بىر ئالتۇن دۇمباق بار، دۇمباق ئۈستىدە ئالتۇن چوكا بار، شۇ چوكا بىلەن دۇمباقنى قاتتىق ئۇرغىن. بىر قېتىم ئۇرغان چېغىڭدا دادام بىھوش بولۇپ يىقىلىدۇ، ئىككىنچى قېتىم ئۇرغىنىڭدا سېنىڭ ئالدىڭغا چىقىپ، سەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولىدۇ، سەن قولۇڭنى بەرمىگىن، ئۈچىنچى قېتىم ئۇرغىنىڭدا: «سەن نېمە ئادەم؟» دەپ سورايدۇ. سەن ئۆز مەقسىتىڭنى ئېيتقىن. دادام نېمە دېسە، شۇنى ئاڭلاپ، مېنىڭ قېشىمغا چىققىن.

بەگۈشى بىنارى ۋادەرىخنىڭ دېگىنى بويىچە پادىشاھنىڭ

ئوردىسىغا كىرىپتۇ. كىرىپ ئالتۇن دۇمباقنى ئالتۇن چوكا بىلەن شۇنداق ئۇرغانىكەن، پادىشاھ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ، ئىككىنچى قېتىم ئۇرغاندا ھوشىغا كېلىپ بەگۈشى بىنارىنىڭ ئالدىغا ھازىر بوپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم ئۇرغاندا:

— سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن قىزىڭنى ئالغىلى كەلگەن ئادەممەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەگۈشى بىنارى.

— قىزىمنى ئالغىلى كەلگەن بولساڭ تويلۇق سالىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھ بەگۈشى بىنارىنى خەزىنىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، بىر چارەك ئالتۇننى تارازىدا تارتىپ، بەگۈشى بىنارىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىگە تۆكۈپ بېرىپتۇ ۋە بەگۈشى بىنارىنى تۇگمەنگە ئېلىپ بېرىپ، ھېلىقى ئالتۇننى تۇگمەندە تارتىپ، ئۇن قوشلۇق يەرگە چېچىۋېتىپتۇ، ئارقىسىدىن ئۇن قوش كەلتۇرۇپ يەرنى ئاغدۇرۇۋېتىپتۇ، ئاندىن بەگۈشى بىنارىغا:

— ئەي يىگىت، سەن قىزىمنى ئالماقچى بولساڭ، چېچىۋەتكەن ئالتۇننى بىرمۇبىر تېرىپ، بىر مىسقال كەم قويماي ماڭا تاپشۇرىسەن، ئەگەر بىر مىسقال كەم بولسا كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

بەگۈشى بىنارى «ماقۇل» دەپ، ئۇدۇل ۋادەرىخنىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ بولغان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— بۇنىڭ چارىسى ئاساندۇر. چۈمۈلىلەر پادىشاھى بىلەن چاشقانلار پادىشاھى بەرگەن ئۇستىخانلار بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋادەرىخ. بەگۈشى بىنارى «بار» دەپ يوتىسىدىن ئۇستىخانلارنى ئېلىپ كۆيدۈرگەنىكەن، چۈمۈلىلەر بىلەن چاشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇپ قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ئى ئادەمزات، نېمە مۇشكۈلاتىڭ بار ئىدى؟ خىزمىتىڭگە تەييارمىز ! — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بەڭۋشى بىنارى:

— ئى غەمگۈزارلىرىم، مەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئەمرىمگە ئالماقچىدىم. پادىشاھ بىر چارەك ئالتۇننى ئۇن تارتىپ يەرگە چېچىۋەتتى، ئاندىن ماڭا: «بۇ ئالتۇنلارنى بىر مىسقال كەم قويماي تېرىپ ماڭا تاپشۇرساڭ قىزىمنى بېرىمەن، بىر مىسقال كەم قالسا كاللاڭنى ئالىمەن» دېدى. ئالتۇننى تېرىشىپ بەرسەڭلار، — دەپتۇ. چاشقانلار بىلەن چۈمۈلىلەر ھەش - پەش دېگۈچە ئالتۇننى تېرىپ بىر يەرگە جەم قىپتۇ. بەڭۋشى بىنارى ئالتۇننى تارازىدا تارتىپ قارىسا، بىر مىسقالمۇ كەم چىقماپتۇ. بەڭۋشى بىنارى بۇ ئالتۇنلارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ:

— كېرەملىك شاھىم، ئالتۇننى تېرىپ كەلدىم، مانا ئالتۇن، — دەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، پادىشاھ ئالتۇننى تارتىپ كۆرگەنىكەن، ئارتۇقى يوق، كېمى يوق بىر چارەك كەپتۇ. پادىشاھ يىگىتنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ ۋادەرىخنى بەڭۋشى بىنارىغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، بەڭۋشى بىنارى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ:

— كېرەملىك شاھ ئاتا، قېرىنداشلىرىم مېنى ساقلاپ قالدى، يۇرتۇمغا قايتاي دەيمەن، ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىنى كۈتىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا قىرىق خىزمەتچىنى ئۇلارغا قوشۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

بەڭۋشى بىنارى شۇنداق مېڭىپ ئۈچ كۈنلۈك يولنى ھەش - پەش دېگۈچە بېسىپ ھېلىقى بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەپتۇ. مەلىكە ۋە ئۈچ خىزمەتچىسى بەڭۋشى بىنارىنىڭ يو-

لىغا تەلمۇرۇپ تۇرغانىكەن. ئۇلار بەڭۋشى بىنارى بىلەن كۆرۇشۇپ كۆز يېشى قىلىشىپ، بىرنەچچە كۇن بۇلاق بېشىدا تۇرۇپتۇ، ئاندىن يۇك ـ تاقلىرىنى ئارتىپ بەڭۋشى بىنارىنىڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار كۆپ يول يۇرۇپ، بەڭۋشى بىنارىنىڭ شەھىرىگە چۇشۇپتۇ. كەلسە بەڭۋشى بىنارىنىڭ ئانىسى گۇلى شەمشە ئوغلىنىڭ يولىغا تەلمۇرۇپ، كۆپ يىغلاپ ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن. بەڭۋشى بىنارى پادىشاھلىقىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ، يۇرتىنى ئادىل سوراپ ئالەمدىن ئۆتۇپتۇ.

# مېھرى بىلەن ۋاپا

پەرەڭ شەھىرىدە خوجا سەئىد دېگەن بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ مېھرى ئىسىملىك پەرىزاتتەك گۈزەل بىر چۆرىسى بار ئىدى. خوجا سەئىد مېھرىنى بالىسى قاتارىدا كۆرۈپ ئەتىۋارلاپ ئۆستۈردى. مېھرى يەتتە ياشقا تولغاندا خوجا سەئىد ئۇنى مەكتەپكە بېرىپ، مۇئەللىمگە تاپشۇردى.

شۇ شەھەردە خوجا پەررۇخ ئاتلىق يەنە بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ خوجا ۋاپا ئىسىملىك ئوغلى بار ئىدى، ئۇمۇ شەھەردىكى بىر مەدرىسىدە ئوقۇيتتى.

بىر كۈنى خوجا ۋاپا مەدرىسىنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى تاماشا قىلىۋاتاتتى، دەل شۇ چاغدا مېھرى مەكتەپتىن قايتىپ شۇ يولدىن ئۆتتى. خوجا ۋاپانىڭ كۆزى مېھرىگە چۈشتى، شۇئان مېھرىنىڭ كىرپىك ئوقى خوجا ۋاپانىڭ قەلبىگە تەگدى. خوجا ۋاپا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن بىر ئاھ ئۇردى. نەزم:

كۆيدۈرۈپ باغرىمنى چىققان ئاھتىن،
كېلىدۇ كۆيگەن كاۋاپلارنىڭ ھىدى.

مېھرىمۇ خوجا ۋاپانى كۆرۈپ ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئا-

شىق بولدى.

مېھرى ئۆيىگە يېتىپ باردى، خوجا ۋاپانىڭ پىراقىدا كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. خوجا ۋاپامۇ بۇ كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى.

تاڭ ئاتتى. مېھرى ئادىتى بويىچە مەكتەپكە ماڭدى. خوجا ۋاپامۇ مەدرىسىنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ مېھرىنىڭ ئىشتىياقىدا ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا مېھرى يولدىن ئۆتتى. خوجا ۋاپا ئالمان - تالمان پەشتاقتىن چۈشۈپ مېھ-رىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەي قىز، نەگە ماڭدىڭىز؟ كىمنىڭ قىزى بولىسىز؟

— مەن خوجا سەئىدنىڭ قىزى بولىمەن. مەكتەپكە كې-تىۋاتىمەن.

— سىزنىڭ ئىشتىياقىڭىزدا بىقارار بولدۇم. بۇنىڭ ئىلاجى بارمۇ؟

— ئەي يىگىت، مەنمۇ سىزنىڭ جامالىڭىزغا مۇشتاقدۇر-مەن. سىزگە مەسلىھەتىم شۇكى، سىز بىزنىڭ مەكتەپكە ئال-مىشىڭ ۋە: «مەن باللارغا خەلپەت بولسام» دەپ مۇئەللىمگە ئىلتىماس قىلىڭ. ئەگەر سىزنى خەلپەت قىلىپ قويسا، سىز ماڭا دەرس ئۆگىتىسىز، شۇ چاغدا بىز مۇرادىمىزغا يېتىمىز.

مېھرى شۇ گەپلەرنى دېدى - دە، مەكتەپكە قاراپ راۋان بولدى. خوجا ۋاپا ھۇجرىسىغا قايتىپ كەلدى. بۇ كېچە ھەر ئىككىلىسى ئۇيقۇسىز تاڭ ئاتقۇزدى.

سەھەردە خوجا ۋاپا مېھرىنىڭ مەكتىپىگە بېرىپ مۇئەل-لىمنى تاپتى ۋە ئۇنىڭغا:

— مەن مۇشۇ مەكتەپكە يۆتكەلسەم، مېنى خەلپەت قىلىپ قويسىڭىز، باللارغا ساۋاق ئۆگەتسەم، ئۆزۈممۇ شۇ ئارقىلىق ئىلىم - ھېكمەتكە كامىل بولسام. ئۇلارغا ئۆگەتكىنىمنىڭ

ساۋابى سىزگە بولسا ... — دېدى.

مۇئەللىم ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز مەك-تىپىگە ئالدى ۋە بالىلارغا خەلپەت قىلىپ قويدى. خوجا ۋاپا بالىلارغا دەرس ئۆگىتىشكە باشلىدى. كەچتە دەرستىن چۈش-كەندىن كېيىن، خوجا ۋاپا بىلەن مېھرى ئۆيىگە بىللە قايت-تى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ: «ئەتە مەكتەپكە سەن بۇرۇن كەلسەڭ مېنى بىرنى سۆيگىن، ئەگەر مەن بۇرۇن كەلسەم سېنى بىرنى سۆيەي» دەپ ۋەدە قىلىشتى.

ئەتىسى خوجا ۋاپا مېھرىدىن بالدۇرراق مەكتەپكە يېتىپ كەلدى. ئۇ مېھرىنى قوغلاپ يۈرۈپ بىرنى سۆيۈۋالدى. خوجا ۋاپا مەكتەپتە باشقا بالىلارغا بىر قېتىم ئۆگەتسە، مېھرىگە ئون قېتىم ئۆگىتەتتى. ئۇ كۈنىمۇ ئۆتتى. دەرستىن چۈش-كەندىن كېيىن ھەر ئىككىسى: «ئەتە قايسىمىز بالدۇر مەك-تەپكە كەلسەك ئىككىنى سۆيەيلى» دەپ ۋەدە قىلىشتى.

ئەتىسى مېھرى بالدۇر كەلدى ۋە خوجا ۋاپا كېلىشى بى-لەن ئۇنى ئىككىنى سۆيۈپ قويدى. بۇ كۈنى ئۇلار: «ئەتە قاي-سىمىز بالدۇر كەلسەك ئۈچنى سۆيىمىز» دېيىشىپ مەكتەپتىن ياندى. ئۇلارنىڭ كېچە - كۈندۈز پىكىر - خىيالى بىر - بىرىدە بولۇپ، كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى.

بىر كۈنى مېھرى مەكتەپكە كەلمىدى. مۇئەللىم مېھرىنى چاقىرىشقا بالا ئەۋەتتى. مېھرىنىڭ ئاتىسى خوجا سەئىد:

— مېھرى ئەمدى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى، تالا - تۈزگە چىقىپ يۈرسە ئانچە ياخشى ئەمەس. خەلپەت ئۇنىڭغا ھەر كۈ-نى ئۆيگە كېلىپ دەرس ئۆگەتسۇن، — دېدى.

ھېلىقى بالا مەكتەپكە بېرىپ خوجا سەئىدنىڭ ئېيتقانلى-رىنى مۇئەللىمگە يەتكۈزدى. مۇئەللىممۇ خوجا سەئىدنىڭ ئېيتقىنىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ:

— مېھرىگە ياخشى ئۆگىتىڭ، — دەپ تاپىلاپ خوجا ۋاپانى يولغا سالدى.

خوجا ۋاپا مېھرىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ خوجا سەئىدنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مەن مېھرىنىڭ خەلپىتى بولىمەن. سىلى ئۆيگە كېلىپ مېھرىگە دەرس ئۆگىتىپ قويۇشۇمنى ئىلتىماس قىلغان ئىكەنلا، شۇڭا كەلدىم، — دېدى.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى خوجا سەئىد ۋە مېھرىنىڭ دەرس ئۆگىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس ئۆي ئاجرىتىپ بەردى. خوجا ۋاپا بىرقانچە كۈن بۇ ھۇجرىدا مېھرىگە تەلىم بەردى.

بىر كۈنى خوجا ۋاپا دەرس ئۆگەتكىلى كەلمىدى. مېھرى، نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ، خوجا ۋاپا نېمىشقا كەلمىگەندۇ يا مەندىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكەنمىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ھەيران بولدى.

ئەسلىدە خوجا ۋاپانىڭ ئاتىسى خوجا پەررۇخ مەككىگە بارماقچى بولۇپ قېلىپ، خوجا ۋاپانى ئۆيدە تۇتۇپ قالغاندى. ئۇ ئوغلىغا:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ، ئەمما ئاتا - ئانا ھەرگىز تېپىلمايدۇ. ئاتا - بالا ئىككىمىز بىللە ھەرەمگە بېرىپ، مەككىنى تاۋاپ قىلىپ كەلسەك، تەڭرىتائالا بىزنى ئىككىلا ئالەمدە مۇرادىمىزغا يەتكۈزسە ئەجەب ئەمەس. مەن بىلەن بىللە سەپەرگە چىققىنىڭ ياخشى، — دەپ بىرمۇنچە نەسىھەت قىلدى.

— خوپ، دادا، سىز نەگە بارسىڭىز مەنمۇ بىللە بېرىشقا تەييار، — دېدى خوجا ۋاپا.

شۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالا ئىككىيلەن سودىگەرلەردەك ياسىنىپ، قېچىرلارغا نۇرغۇن ماللارنى يۈكلەپ، بىرقانچە خىز-

مەتكارنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇلار خوجا سەئىدنىڭ كوچى-سىنىڭ ئاغزىغا يېتىپ كەلگەندە، خوجا ۋاپا ئاتىسىغا:
— ئەي ئاتا، مەن مەكتەپكە كىرىپ ساۋاقداش، دوست - يارەنلىرىم بىلەن خوشلىشىۋالاي، — دەپ كوچىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلا مېھرىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىشىگە، ئىچكى-رىدىن بىر دېدەك چىقىپ كەلدى. خوجا ۋاپا ئۇنىڭغا:
— سەن كىرىپ مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى خانىئاچاڭغا ئېيتقىن، — دېدى.
مېھرى چىقىپ كۆردىكى، خوجا ۋاپا ئارغىماققا مىنىپ، سەپەر كىيىملىرى بىلەن تۇرۇپتۇ. مېھرى خوجا ۋاپانى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى. چۆرىلىرى دەرھال لەززەتلىك تائاملارنى ھازىرلىدى. مېھرى خوجا ۋاپادىن سورىدى:
— مەن سىزنى سەپەرگە جابدۇنغاندەك ھېس قىلدىم. نەگە بارماقچى بولۇۋاتىسىز؟



— ئاتام بىلەن بىل-لە مەككىگە بارماقچى بولغاندۇق، سىز بىلەن خوشلىشىۋالاي، دەپ كەلدىم.
— بىزنىڭ بىرەر سائەت ئايرىلىشقىمۇ كۆزىمىز قىيمايتتى، ئەمدى قانداقمۇ چىدى-يالارمىز؟
— ئەي جانانىم، ھازىر ئىختىيارىم ئۆز قولۇمدا ئەمەس، ئاتام-

نىڭ زورى بىلەن كېتىۋاتىمەن. خۇدايىم مېنى ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگىلى نېسىپ قىلسا، سىزنىمۇ ئاللا ئىگەم سالامەت ساقلىسا، شۇ چاغدا نىكاھ بىلەن مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يەتكەيمىز.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى مېھرى زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ، — ماڭا خەنجىرىڭىزنى يادىكارلىق سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كېتىڭ. مەن تىرىكلا بولىدىكەنمەن، سىز بىلەن ۋىسال شارابى ئىچىشنى كۈتىمەن. ئۆلۈمگە رازىلىق بېرىمەنكى، سىزدىن باشقا كىشىگە رازىلىق بەرمەيمەن.

خوجا ۋاپا دەرھال يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ مېھرىگە بەردى ۋە:

— ئەي مېھرى، مەنمۇ سىزنىڭ ۋەسلىڭىزگە يېتەلمىسەم، ھاياتلىق رىشتىمنى قازا قىلىچى بىلەن كېسىپ، ئالەمدىن كېتىمەن، ھېچقانداق ئىنسانغا كۆڭۈل بەرمەيمەن، — دېدى.

بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق كۆز ياشلىرىدىن دەريا ھاسىل قىلىپ خوشلاشتى.

خوجا ۋاپا ئاتىسى بىلەن بىللە يولغا راۋان بولدى. شۇ ماڭغىنىچە مەنزىللەردىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ ئاخىر باغدات شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، خوجا پەررۇخ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. خوجا ۋاپا ئاتىسىنى ھەزرىتى ئىمام ئەزەمنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلدى ۋە تۇپراق بېشىدا ئولتۇرۇپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز قۇرئان تىلاۋەت قىلدى، ئاندىن مەككىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىش نىيىتى بىلەن يولغا چۈشتى.

ئەلقىسسە: مېھرىنىڭ ئاتىسى خوجا سەئىد ناھايىتى چوڭ سودىگەر ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم كوچىغا چىققىنىدا باشقا سودىگەرلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ ئۇنىڭغا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئادىتى بويىچە بازارغا چىقتى، ئەمما

ھېچكىم ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. خوجا سەئىد بۇ ئەھۋالدىن تولىمۇ رەنجىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئايالىدىن سورىدى:

— ئەي بۇۋى، دىلىمغا سەپەر ئىشتىياقى چۈشۈپ قالدى. قولىمىزدا قانچىلىك نەرسە بار؟

— ئەي خوجا، كۆزگە ئىلىنغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋەتكەن تۇرسىڭىز، ئۆيدە يەنە نېمە قالاتتى؟ — دېدى خوجىنىڭ ئايالى.

— ئۇنداق بولسا مېھرىنى چۆرىلىككە بېرىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى سەپەر جابدۇقىغا ئىشلىتىمەن، — دېدى خوجا سەئىد.

— بۇ قانداق گەپ بولدى ئەمدى؟ بىر چوڭ سودىگەرنىڭ ئۆز قىزىنى چۆرىلىككە بەرگەنلىكىنى نەدە كۆردىڭىز؟ — دېدى خوجىنىڭ ئايالى. خوجا سەئىد ئېيتتىكى:

— مېھرى قانداقمۇ مېنىڭ قىزىم بولسۇن؟ ئانا - بالا ئىككىڭلارنى چۆرىلىككە ياللىۋالغانمەن، چۆرىلىككە بەرگۈم كەلسە بېرىۋېرىمەن.

خوجىنىڭ ئايالى ئامالسىز پەرياد ئۇرۇپ قالدى. خوجا سەئىد بولسا دەللاللارغا: «مېنىڭ بىر چۆرەم بار. ئۇ شۇنداق گۈزەلكى، پەقەت پادىشاھنىڭ ئوردىسىغىلا لايىق. ئۇنى چۆرىلىككە بەرمەكچىمەن» دېدى.

دەل شۇ چاغدا پادىشاھ كېنىزەك ئېلىش ئۈچۈن يارلىق چۈشۈرگەنىدى. دەللاللار دەرھال ۋەزىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «خوجا سەئىد سودىگەرنىڭ بىر چۆرىسى بار ئىكەن...» دەپ خەۋەر قىلدى ۋە ئۇنى خوجا سەئىدنىڭكىگە باشلاپ كەلدى. خوجا سەئىد ۋەزىرنى مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىردى، داستىخان سېلىپ، نازۇنېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلدى، ئاندىن ئۇ ئايالىنىڭ قېشىغا چىقىپ:

— مېھرىنى چىرايلىق ياساندۇرۇڭلار، ئۇ تېخىمۇ گۈزەل

بولۇپ كەتسۇن، — دېدى. ئايالى ئۇنىڭغا:

— نېمىشقا ئۇنى ياساندۇرىدىكەنمەن؟ ئۇنىڭلىك ئاۋارە بولمىساممۇ مېھرىنىڭ خۇدا بەرگەن ھۆسن ـ جامالى بار، — دېدى.

خوجا سەئىد مېھرىنى ۋەزىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. مېھرى گويا بېھىشتىن چىققان ھۆر ـ پەرىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ۋەزىر مېھرىنى كۆرۈپلا ھوشىنى يوقاتتى، ئۇ مېھرىگە ئاشىق بولغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھوشىغا كېلىپ دېدىكى:

— ئەي خوجا، بۇ قىزنىڭ ھەققى قانچە؟

— مۇشۇ چۆرىدەك ئون باراۋەر كېلىدىغان كۇمۇش بېرىڭ.

ۋەزىر ئۇنىڭ دېگىنىنى بېرىپ قىزنى چۆرىلىككە ئالماقچى بولدى، ئەمما دەللاللار ئارىغا چۈشۈپ:

— ئەي خوجا، ئالتە باراۋەر كۇمۇش بېرەيلى، قانداق دەيسىز؟ — دېدى. خوجا سەئىد ماقۇل بولدى. ۋەزىر خۇشاللىقىدا دەرھال ئۆز يېنىدىن كۇمۇش چىقىرىپ خوجا سەئىدكە تۇتقۇزدى ۋە مېھرىنى مەپىگە سېلىپ ئۆز ئۆيىگە قاراپ راۋان بولدى.

مېھرى ئۆيدىن ئايرىلىدىغان چاغدا خوجا سەئىد ئۇنىڭغا: «كېيىنكى كۈنلەردە ھاجىتىڭگە ياراپ قالار» دەپ مىڭ تەڭگە بەرگەنىدى. ۋەزىر خىزمەتكارلىرىغا: «مېھرىنى ئارقامدىن ئۆيۈمگە ئېلىپ بېرىڭلار...» دەپ تاپشۇرۇپ، ئۆزى مېھرىنى كۈتۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن، ئالدىن ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا مېھرى چۈشكەن مەپە مەكتەپنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. مېھرى ئۆزىنى ئېلىپ كېتىۋاتقان خىزمەتكارلارغا:

— مۇشۇ مەكتەپتە مېنى ئوقۇتقان مۇئەللىمىم بار، ئۇنى چاقىرىپ بېرىڭلار، كۆرۈشۈۋالاي، — دېدى.

مۇئەللىم يۈگۈرۈپ چىقىپ كەلدى. مېھرى ئۇنىڭغا سالام

قىلدى ۋە ھېلىقى مىڭ تەڭگىنى مۇئەللىمگە بېرىۋەتتى. ئاي-دىن ئۇ:

— خوجا سەئىد مېنى ۋەزىرگە چۆرىلىككە تۇتۇپ بەردى. ئەگەر خوجا ۋاپا كېلىپ قالسا خەۋىرىمنى سىزدىن ئاڭلى-سۇن. ئۇنىڭغا سالىمىمنى ئېيتىپ قويۇڭ. بىز ئىككىمىز ۋە-دىلەشكەنىدۇق، مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن... — دېدى، ئاندىن مۇئەللىم بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى.

ۋەزىر ئالاھىدە بىر ئىمارەت سالدۇرغانىدى، مېھرىنى شۇ ئىمارەتكە ئورۇنلاشتۇردى، بىرمۇنچە كېنىزەك - چاكارلارنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە قويدى. مېھرى ھاردۇقىنى ئالغاندىن كې-يىن، ۋەزىر مېھرىنىڭ قېشىغا كىردى. ئۇ مېھرىگە مۇھەببەت توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشق - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇ بىتاقەت بولۇپ مېھرىگە قول ئۇزاتتى. مېھرى خەنجىرى بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، خەنجەر ۋەزىرنىڭ ئوقۇرىكىدىن كىرىپ، دولىسىدىن چىقتى. ۋەزىر: «ۋاي» دېگىنىچە يەرگە يىقىلدى. خىزمەتكارلار دەرھال ئۇنى يۆلەپ ئاچىقىپ كەتتى ۋە: «بىر-مۇنچە مال - دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئۆز خوجىسى-غا بۇنداق زۇلۇم سالغىنى نېمىسى؟ ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرۈش كېرەك» دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى. ۋەزىر بولسا:

— ئۇ تېخى كىچىك قىز ئىكەن، بىر كۈنى ئەقلىگە كېلىپ قالار، — دېدى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلمىدى.

ۋەزىر بىرقانچە كۈنگىچە خەنجەردىن يەتكەن زەخمىنىڭ دەردىنى تارتتى، ئاخىر يارىسى ساقايدى. ئۇ ئەمدىغۇ ئەقلىگە كېلىپ قالغاندۇ، دەپ ئويلاپ، مېھرىنىڭ قېشىغا كىردى. مېھرى ۋەزىرنى كۆرگەن ھامان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ پە-گاھقا چۈشتى. ھەرھالدا ئەقلىگە كېلىپ قاپتۇ، دەپ ئويلىدى

ۋەزىر، ئاندىن ئۇ:

— ئەي مېھرى، مەن سېنى ئۆزۈڭدەك ئالتە ھەسسە كۈمۈش بېرىپ چۆرىلىككە ئەكەلگەنمەن. سەن ماڭا تەۋە ئادەم تۇرۇپ ماڭا نېمىشقا بۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىسەن؟ — دېدى-دە، مېھرىگە يەنە قول ئۇزاتتى. مېھرى ۋەزىرگە بار كۈچى بىلەن خەنجەر سالدى. خەنجەر ئۇنىڭ مەيدىسىدىن كىرىپ، دۈمبىسىدىن چىقتى. بۇنى كۆرگەن خىزمەتكارلار يۈگۈرۈپ كىرىپ ۋەزىرنى يۆلەشتۈرۈپ ئاچىقىپ كەتتى. خىزمەتكارلار: «مېھرىنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك، بولمىسا ۋەزىر ئاقىۋەت مېھرىنىڭ قولىدا ھالاك بولغۇدەك» دېيىشتى. ئەمما،



ۋەزىر:

— ياق، مېھرىگە ھەرگىز دەخلى يەتكۈزمەڭلار. ئۇنىڭ ئۆلگىنىدىن مېنىڭ ئۆلگىنىم ياخشى، — دەپ تۇرۇۋالدى.

ئەلقىسسە: ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى خوجا ۋاپادىن ئاڭلايلى:

خوجا ۋاپا مەككىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىشىدا شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ سودا قىلدى. ئۇنىڭ سودىسى ئاقتى، ھېچكىم سودىدا ئۇنىڭچىلىك روناق تاپمىغان بولغىيدى، ئاخىر ئۇ ئۆز شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. شەھەرگە يەتكىلى بىر كۈنلۈك يول قالغاندا، مېھرىنىڭ ئىشتىياقى بىلەن ئۇنىڭ تاقىتى تاق بولدى، ئاخىر شەھەرگە يېتىپ كېلىپ ئۆز ھويلىسىغا چۈشتى ۋە ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ يىغلاشتى، ئاتىسىغا ھازا ئاچتى، ئاندىن ئۇ مېھرى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، بىرمۇنچە سوۋغا - سالاملار بىلەن مۇئەللىمنىڭ قېشىغا باردى. ئۇلار بىرقۇر ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، خوجا ۋاپا مۇئەللىمدىن مېھرىنى سورىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭغا خوجا سەئىدنىڭ مېھرىنى ۋەزىرگە چۆرىلىككە بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. خوجا ۋاپا مۇئەللىمدىن سورىدى:

— ئۇنىڭ ھەققىگە قانچە پۇل بېرىپتۇ؟

— ئۆزىدەك ئالتە باراۋەر كۈمۈش بېرىپتۇ.

— ۋاي ئىسىت ! مەن ئۇنى ئۆزىدەك ئون باراۋەر ئالتۇن بېرىپ ئالغان بولاتتىم...

خوجا ۋاپا زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ يەنە سورىدى:

— ئەمدى بۇ ئىشقا قانداق ئامال قىلغۇلۇق؟

— ئەي خوجا ۋاپا، غەم يېمەڭ، — دېدى مۇئەللىم، — بىرمۇنچە مال - دۇنيا بىلەن قوشۇپ سىزنى ۋەزىرگە نۆكەر قىلىپ بېرەي، شۇ چاغدىلا سىز مېھرىنى كۆرەلەيسىز.

خوجا ۋاپا مۇئەللىمنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ
ئۆيگە بېرىپ بىرمۇنچە لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى ۋە
مۇئەللىم بىلەن بىللە ۋەزىرنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. شۇ ئەس-
نادا دەرۋازىدىن بىر خىزمەتكار چىقىپ كەلدى. ئۇلار خىز-
مەتكارغا ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىر بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى بىل-
دۈردى. خىزمەتكار ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېتىپ، ئۇزۇن
ئۆتمەي قايتىپ چىقتى ۋە خوجا ۋاپا بىلەن مۇئەللىمنى ۋە-
زىرنىڭ مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىردى. مۇئەللىم سالام -
سەھەتتىن كېيىن، ۋەزىرگە:

— ئەي ۋەزىر، بۇ بالا سودىگەر خوجا پەررۇخنىڭ ئوغلى
خوجا ۋاپا بولىدۇ. بۇ ئاتا - بالا ئىككىسى مەككىگە سەپەر
قىلغانىدى، يولدا خوجا پەررۇخ قازا تېپىپتۇ، ئەمدى بۇ بالا
دادىسىدىن يېتىم قالدى. كېيىن يامان يولغا كىرىپ كەتمى-
سۇن، دەپ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا باشلاپ كەلدىم ... — دېدى.

ۋەزىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى ۋە:

— راست ئېيتىسىز، ئەقىللىق ئادەم مانا شۇنداق قى-
لىدۇ. مەنمۇ بۇ بالىنىڭ ئاتىسى بىلەن باردى - كەلدى قى-
لىشىپ ئۆتكەنىدىم. بوپتۇ، بالىنىڭ ھالىدىن مەن خەۋەر
ئالاي، — دېدى.

ۋەزىر بۇ ئىككىيلەننىڭ ئالدىغا تائام كەلتۈردى، ئاندىن
ئۇ خوجا ۋاپانىڭ يېتىپ - قوپۇشى ئۈچۈن ئارا ھويلىدىن
مەخسۇس بىر ھۇجرا ئاجراتتى. خوجا ۋاپا تولىمۇ باي بولۇپ
كەتكەنىدى. ئۇ بىرقانچە كۈنگىچە مۇشۇ ھۇجرىدا تۇردى.

ۋەزىرنىڭ ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ، يارىسى
ساقايدى، مېھرىگە بولغان ھەۋىسىمۇ كۈچىيىپ باردى. بىر
كۈنى ۋەزىر يەنە مېھرىنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنى كۆرگەن
مېھرى يۈگۈرۈپ پەگاھقا چۈشۈپ تۇردى. ۋەزىر ئۇنىڭغا:

— ئەي مېھرى، مەن سېنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرۈپ، بىرمۇنچە ھەق بېرىپ ئەكەلدىم. سېنى چۆرە - دېدەكلەرنىڭ قاتارىغىمۇ قوشمىدىم. شۇنىڭ بەدىلىگە كۆڭلۈمنى ئالارمىكىن دېسەم، ئەكسىچە مېنى ئازابقا گىرىپتار قىلدىڭ، — دەپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئاندىن بۇ بىچارە ئاشىق ۋىسال گۈلزارىدىن مۇراد گۈلىنى ئۈزمەكچى بولۇپ مېھرىگە قول سۇندى. مېھرى يەنە ئۇنىڭغا خەنجەرنى سالدى. ۋەزىر: «ۋاي، مېنى ئۆلتۈردى!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە يىقىلدى. خەنجەر ئۇنىڭ غولىدىن كىرىپ، كۆكرىكىدىن چىققانىدى. خىزمەتكارلار ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئاچقىپ كەتتى. ۋەزىرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە چوڭ - كىچىك خىزمەتكارلىرى: «مېھرىنى ئەمدى ئۆلتۈرمەي بولمايدۇ» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. ۋەزىر نائىلاج مېھرىنى ئېسىشقا ئەمر قىلدى. خىزمەتكارلار دەرھال مېھرىنى ئاچقىپ سارايىنىڭ تورۇسىغا ئاستى.

خوجا ۋاپانىڭ زىرەك ئاتلىق بىر خىزمەتكارى بار ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، خوجا ۋاپانىڭ ئالدىغا چاپتى ۋە خوجىسىغا:

— ۋەزىرنىڭ مېھرى ئىسىملىك بىر چۆرىسى بار ئىدى، ئۇنى بۈگۈن دارغا ئاستى... — دەپ بولغان ۋەقەنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوجا ۋاپا ھەيران ۋە پەرىشان بولدى ۋە:

— سەن دەرھال بېرىپ بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىپ كەل، — دەپ زىرەكنى ئەۋەتتى. زىرەك چىقىپ كەتكەن ھامان ۋاپا ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى. ئۇ بېلىدىن پوتىسىنى يېشىپ، تورۇستىكى ياغاچقا بىر ئۇچىنى باغلىدى، ئۇرۇندۇققا چىقىپ پوتىنى بويىنىغا سالدى.

ئەلقىسسە: مېھرىنىڭ قېشىدا ئىككى خاس خىزمەتكار بار ئىدى، ئۇلار مېھرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. مېھرىنىڭ ئەھۋالىغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي مەلىكەم، ۋەزىر، پادىشاھ ئۈچۈن ئالدىم دەپ، مېھرى ئىسىملىك بىر چوّره ئەكەلگەنىدى، ئەمما ئۇنى ئوردىغا ئەۋەتمەي ئۆز يېنىدا ئېپقالدى. ئۇ قىز ھۆسن - جامالدا كامالەتكە يەتكەنىدى. بۇگۈن ئۇنى دارغا ئاسماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپ ئەرز قىلدى. مەلىكە دەرھال قاراۋۇللارنى چاقىرىپ:

— مېھرى ئۆلگەن بولسا ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى، تىرىك بولسا ئۆزىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ ئەمر قىلدى.

قاراۋۇللار بېرىپ مېھرىنى داردىن چۈشۈردى. ئۇ جېنىدىن ئايرىلغاندەك تۇراتتى. مېھرى مەلىكىنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلدى. مەلىكە مېھرىنىڭ باشقىلار تەرىپلىگەندىنمۇ ئارتۇق گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا ئەينەك تۇتقاندى، ئەينەك هورداشتى، بۇنى كۆرۈپ دەرھال ئاغزىغا شەربەت تېمىتتى. مېھرى بىرەر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنى ھەشەمەتلىك تەخت ئۈستىدىكى قىزنىڭ ئالدىدا كۆردى، بېشى يەنە بىر قىزنىڭ قۇچىقىدا ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەلىكىگە تەزىم قىلدى. مېھرىنىڭ مىجەز - خۇلقىغا ھەۋەسى كەلگەن مەلىكە ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

زېرەك بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ خوجا ۋاپانىڭ قېشىغا چاپتى. ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچالمىدى، چۈنكى ئىشىك ئىچىدىن تاقاقلىق ئىدى. ئۇ كۈچەپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە خوجا ۋاپانىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەرھال پوتىنى كېسىپ، خوجا ۋاپانى يەرگە چۈشۈردى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى

تېڭشاپ بېقىپ، تېخى نەپسى ئۈزۈلمىگەنلىكىنى بىلدى، ۋاپا-نىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتتى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ ھو-شىغا كەلدى. زېرەك ئۇنىڭغا كۆرگەنلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. خوجا ۋاپا خۇشاللىقىدا زېرەكنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، سۆيۈنچىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىڭ تەڭگە بەردى.

— ئەي خوجا، سىرىڭىزنى مەندىن يوشۇرماڭ. مېھرى بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئىش باردەك تۇرىدۇ. مېھ-رى ئۇ يەردە ئېسىلسا، سىز بۇ يەردە ئېسىلىۋاپسىز.

— مېھرى خوجا سەئىدنىڭ قىزى، مەن بولسام خوجا پەررۇخنىڭ ئوغلى. ئاتام بىلەن مەككىنى تاۋاپ قىلىپ قايت-قۇچە خوجا سەئىد مېھرىنى ۋەزىرگە چۆرىلىككە تۇتۇپ بې-رىپتۇ. مېھرى مېنىڭ مەشۇقۇم، مەن ئۇنىڭ ئاشىقى. بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ.

— مەن بۇ ئىشنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام ئىلاجىنى قىلغان بولاتتىم، ھېلىمۇ بىر ئامال ئىزدەپ باقاي.

— قانداق قىلماقچىسەن؟

— يېقىندا مەلىكە زانۇشنىڭ تويى بولماقچى. شۇڭا، ئۇلار مەلىكىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن مال ئالىدۇ. سىز ياخشى ماللارنى تاللاپ بىر دۇكان ئېچىڭ. دۇكىنىڭىزدا خىلمۇخىل ماللار، خۇش پۇراق ئەتىرلەر بولسۇن. مەلىكىنىڭ ئىنىكئانى-سى كېنىزەكلەرنى باشلاپ مال ئالغىلى بازارغا چىققاندا، ئۇلارنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىمىز، ئاندىن شۇلار ئارقىلىق مېھرىنىڭ خەۋىرىنى ئالىمىز.

خوجا ۋاپا زېرەكنىڭ سۆزلىرىگە خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە بىرقۇر ئۇستۇۋاش كىيدۈردى، ئۆزى ئەڭ ياخشى ماللاردىن تاللاپ بىر دۇكان ئاچتى.

زېرەك بازاردىن ئىنىكئانا بىلەن كېنىزەكلەرنى ئىزدەپ

تاپتى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى.

— ئەي ئاغىچىلار، سىلەرگە مال لازىم بولسا، ئاۋۇ يەردە ياش بىر سودىگەر دۇكان ئېچىپتۇ، ماللىرى ئېسىل ۋە نەپىس ئىكەن. ئۇنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار.

ئىنىكئانا بىلەن كېنىزەكلەر زېرەكنىڭ يول باشلىشى بىلەن خوجا ۋاپانىڭ دۇكىنىغا كەلدى. خوجا ۋاپا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى ۋە دۇكانغا تەكلىپ قىلدى.

— مەلىكەمگە لايىق ماللىرىڭىز بولسا ئاچىقىڭ، كۆرۈپ باقايلى، — دېدى ئۇلار.

خوجا ۋاپا ئۇلارنىڭ ئالدىغا سەرخىل ماللارنى ئاچىقىپ قويدى. ئۇلار بۇ ماللارنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى.

— ئۆيدە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىلىرى بار، — دېدى خوجا ۋاپا ۋە خېرىدارلارنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى.

ۋاپانىڭ خىزمەتكارلىرى مېھمانلارغا دەرھال داستىخان سالدى، خىلمۇخىل نازۇنېمەتلەر، لەززەتلىك تائاملارنى ھازىرلاپ ئۇلارنى مېھمان قىلدى. تاماقتىن كېيىن خېرىدارلار ۋاپانىڭ ماللىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. ئۇلار ھازىرغىچە بۇنداق ئېسىل ماللارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، شۇڭا بىر - بىرىدىن سەرخىل ماللارغا قاراپ ھەيران قېلىشتى. خوجا ۋاپا مەلىكىگە ئاتاپ توققۇز كىيىملىك رەخت، ئىنىكئانا ۋە كېنىزەكلەرگە توققۇز كىيىملىك رەختنى ئېلىپ چىقىپ ئالدىغا قويدى.

— ئەي خوجا، بۇ ماللىرىڭىزنىڭ باھاسى قانچە؟ — دەپ سورىدى خېرىدارلار.

— بۇ مەلىكەمگە ۋە سىلەرگە قىلغان سوۋغىتىم بولۇپ قالسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن مەلىكەمگە ۋە سىلەرگە لەئەل، گۆھەر، ئالتۇن، ياقۇت قاتارلىق نەرسىلەر كېرەك بولۇپ قال-

ـسا، كېلىۋېرىڭلار، ــ دېدى خوجا ۋاپا.
خېرىدارلار مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، يەنە كېلىشكە ۋەدە بېرىشتى ۋە ماللارنى ئېلىپ قايتىشتى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ: «بۇنچىۋالا مالنى بىكاردىن ـ بىكارغىلا سوۋغات قىلامدۇ؟ بۇنىڭدا جەزمەن بىر سىر بار. بەلكى، بۇ يىگىت مەلىكەمگە ئاشىق بولۇپ قالغاندۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇلارنى چوقۇم مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزۈش كېرەك» دەپ ئويلىدى.

ئىنىكئانا ۋە كېنىزەكلەر ماللارنى كۆتۈرۈپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. مەلىكە بۇ ماللارنىڭ ئېسىللىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى ياقتۇردى. ئىنىكئانا خوجا ۋاپانىڭ مەقسىتىنى بىلمىگەچكە، مەلىكىگە: «بۇ ماللارنى سېتىۋالدۇق» دەپ، يالغان ئېيتتى.



خوجا ۋاپاغا ئىنىكئانىنىڭ مېھرى چۈشۈپ، ئامراق بولۇپ قالدى. ئۇ مال ئالغىلى بىر قېتىم كەلسە، خوجا ۋاپانى كۆرگىلى بىرەر باھانە بىلەن بەش قېتىم كېلەتتى.

بىر كۈنى مەلىكە بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن

شاھزادىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. مەلى-كە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، خىزمەتچىلىرىگە:

— شاھزادە مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كىرگەندە قېشىمدا مېھرى بىلەن ئۈچ قىز قالسۇن، ئۇلاردىن باشقىلارنى كىر-گۈزمەڭلار، — دېدى.

شاھزادە داغدۇغا بىلەن توي تارتىپ يېتىپ كەلدى. مە-لىكە بىلەن ئىككىسىنىڭ نىكاھى ئوقۇلغاندىن كېيىن، شاھزادە مەلىكە بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ چاغدا مېھرى ئۈچ قىز بىلەن بىللە مەلىكىنىڭ سارىيىغا شارابلارنى كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. شاھزادىنىڭ مېھرىگە كۆزى چۈشكەن ھامان بىھوش بولۇپ يىقىلدى. مەلىكە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، پۇشايمان قىلىپ، نادامەت چېكىپ، مېھرىنىڭ ئۆزۈمگە دۈشمەن بولۇپ قېلىشىنى بىلمەي، ئۇنى يېنىمدا ھەمراھ قىلىۋاپتىمەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ كۆزدىن يوقاتمىسام بولمايدىكەن، دەپ ئويلىدى. شۇ ئارىدا شاھزادە ھوشىغا كەل-دى، كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، بايىقى رەنا كۆرۈنمىدى. «ۋادە-رىخ، ئۇ قۇياش مەسەللىك ئېسىلزادە قىز نەدىدۇ؟» دەپ ئاھ چەكتى. شاھزادە ئۇ گويا دەريا بولسا، مەلىكە ئۆستەڭ ئى-كەن، ئۇ ئاي بولسا، مەلىكە يۇلتۇز ئىكەن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى ـ دە، ئاستا چىقىپ ئۆز يۇرتىغا راۋان بولدى.

مەلىكىنىڭ ھوشى كاللىسىدىن ئۇچتى. ئۇ غەزەپ بىلەن:

— مېھرىنى تېپىپ كېلىڭلار! ئۆزىنى بازارغا سالىدىغان ئۇنداق نېمە ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئى-نىكئانا ئارىغا چۈشتى.

— قوللىرىنى ئۇنىڭ قېنى بىلەن بويىغاندىن كۆرە مېھرىنى دەرياغا تاشلىۋېتەيلى، دەرياغا غەرق بولسۇن.

— مەيلى، ئۇنى كۆزۈمدىن تېز يوقىتىڭلار!

ئىنىكئانا چوڭ بىر ساندۇق ياساتتى، يېرىقلىرىنى موم-لىدى ۋە ئىچىگە بىر چارەك پىستە بىلەن بىر قاپاق سۇنى سالدى. ئاندىن مېھرىنى شۇ ساندۇققا سولاپ، ئۇنى شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان دەرياغا قويۇۋەتتى.

ئەتىسى ئىنىكئانا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى خوجا ۋاپانىڭكىگە باردى. ۋاپا دەرھال داستىخان تارتىپ مېھمان قىلدى، ئالدىغا توققۇز خىل لازىمەتلىك قويدى. تاماقتىن كېيىن ئىنىكئانا خوجا ۋاپادىن ئەھۋال سوراپ ئېغىز ئاچتى:

— ئەي خوجا، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بىزگە ھەدىيە قىلغان ماللىرىڭىزغا بىر تىيىن ھەق ئالمىدىڭىز، بۇ خىز-مىتىڭىز بىلەن بىزنى مەمنۇن قىلدىڭىز. بۇنداق قىلىشتىن بىرەر مۇددىئايىڭىز بارلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. قانداق سىرىڭىز بولسا ئېيتىڭ، ئاڭلاپ باقاي، بەلكىم ياردىمىم تېگىپ قالار.

— بۇنى سوراپ ياخشى قىلدىڭىز، سىزدىن تارتىنىپ دې-مىگەنىدىم. مەلىكىنىڭ قېشىدىكى مېھرى دېگەن قىز مېنىڭ جانانىم ئىدى. مەن شۇنىڭ جامالىنى كۆرەرمەنمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە سىزگە يېقىنچىلىق قىلىۋاتىمەن.

ئىنىكئانا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىككى تىزىغا ئۇرۇپ نادامەت چەكتى:

— ئەي خوجا، بۇ گەپنى نېمىشقا بالدۇرراق ماڭا دېمى-دىڭىز؟ ئەگەر بۇرۇنراق بۇ ئەھۋالنى بىلگەن بولسام، مەلى-كەمنى ماقۇل قىلىپ، مېھرىنى سىزگە نىكاھلاپ بەرمەسمى-دىم. تۈنۈگۈن مەلىكەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مېھرى دەرياغا تاشلاندى.

خوجا ۋاپا مەست ئىدى، ھوشيار بولدى، ئۇيقۇلۇق ئىدى، بىدار بولدى. ئىنىكئانىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ بارلىق مال - دۇنياسىنى خۇدا يولىدا سەدىقە قىلدى. ئۇ

مېھرى دەرياغا تاشلانغان بولسا، ماڭا بۇ دۇنيانىڭ نېمە كېرد-
كى بار، دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلىماقچى بولدى. خو-
جا ۋاپا ساھىلغا يېتىپ بېرىپ كىيىم - كېچىكنى سالدى.

بىر چاغلاردا خوجا پەرروخ ئۇنىڭ بىلىكىگە ئون سەك-
كىز دانە گۆھەرنى باغلاپ قويۇپ: «بۇ گۆھەرلەرنىڭ ھەربىرى
ئون ئەرگە دەسمايە بولىدۇ. بۇنى ھەرگىز يېنىڭدىن ئايرىما-
غىن» دېگەنىدى. خوجا ۋاپا بۇ گۆھەرلەرنى يېشىپ ئېلىپ:
«خۇدا يولىدا، — دەپ دەرياغا تاشلىدى، ئاندىن كېيىن، —
مەنمۇ مېھرىگە قوشۇلاي» دەپ ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى.

بۇ دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدە ماھىگەر ئاتلىق بىر بېلىقچى
بوۋاي ياشايتتى. ئۇ بىر كۈنى دەرياغا تور تاشلىغانىدى، ناھا-
يىتى زور بىر بېلىق تورغا چۈشتى. بېلىقنى تەسلىكتە ئۆيى-
گە ئاپىرىپ قارنىنى يارغانىدى، ئىچىدىن يۇسۇپ ئەلەيھىس-
سالامدەك گۈزەل بىر يىگىت چىقتى، ئەمما ئۇ يىگىتنىڭ ئۆ-
لۈك - تىرىكلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ماھىگەرنىڭ خوتۇنى
ئۆمرىدە بىرقانچە پەرزەنت كۆرگەنىدى. بۇ پەرزەنتلەر چوڭ
بولۇپ ئەمدىلا كۆزگە كۆرۈنگەندە كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كې-
تىپ، پەرزەنتسىز قالغانىدى. بوۋاي بىلەن موماي ئىككىسى
بۇ يىگىتنى كۆتۈرۈپ يۇمشاق ئورۇنغا ياتقۇزدى ۋە بۇرنىغا
خۇشبۇي دورىلارنى پۇراتتى. بىرئازدىن كېيىن يىگىت كۆزىنى
ئاچتى. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن
ماھىگەر ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى تەڭرىگە شۈكۈر بەجا كەلتۈردى،
يىگىتكە يۇمشاق، يەڭگىل تاماقلارنى يېگۈزۈپ، ئاغزىغا سۈت -
شەربەتلەرنى تېمىتىپ ئاۋايلاپ باقتى. بىرقانچە كۈنگە قالماي
يىگىت ئوڭشىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ماھىگەرگە ئۆزىنىڭ
ئىسمى ۋاپا ئىكەنلىكى، بىر توپ سودىگەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ
دېڭىز سەپىرىگە چىققانلىقى، دېڭىزدا بوران چىقىپ كېتىپ،

كېمىلەر ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنى
بىلمەيدىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. ماھىگەر
بىلەن ئايالى ۋاپانىڭ ئۆزلىرىگە بالا بولۇپ، مۇشۇ جايدا تۇرۇپ
قېلىشىنى ئۆتۈندى. ۋاپا ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مېھرىدىن ئاڭلايلى:

بىر كۈنى ئىككى دورغا دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇپ كې-
مىچىلەرنىڭ كېمىسىگە چۈشتى. ئۇلار دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا
كەلگەندە، بىر ساندۇقنىڭ بەزىدە چۆكۈپ، بەزىدە لەيلەپ ئې-
قىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كېمىچىلەر مىڭ بىر جاپا -
مۇشەققەتتە ساندۇقنى سۇدىن تارتىپ چىقىرىۋالدى. ساندۇق
ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ئۇنىڭغا چويۇن قۇلۇپ سېلىنغانىدى.
كېمىدىكىلەر بۇ ئاجايىپ ساندۇققا قىزىقىپ قالدى. كېمىچى-
لەر ساندۇقنى ئېچىپ باقماقچى بولدى. ئەمما، دورغىلار كۆڭ-
لىدە، كىم بىلىدۇ، بۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدىن ھېسابسىز دۇنيا
چىقىپ قالامدۇ تېخى، ساندۇقنى ئېچىپ ئىچىدىكىنى كۆر-
گەندىن كېيىن كېمىچىلەرنىڭ بىزنى بۇنىڭغا شېرىك قىلغۇ-
سى كەلمەيدۇ، بۇنى بىر ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈرۈش كې-
رەك، دەپ ئويلاشتى. دورغىلاردىن بىرى:

— ھەي كېمىچىلەر، بۇ ساندۇقنى ئاچىمىز، دەپ ئاۋارە
بولماي، بىزگىلا سېتىپ بېرىڭلار، مىڭ تەڭگە بېرەيلى، —
دېدى. كېمىچىلەرمۇ: «بۇنىڭ ئىچىدىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى
كىم بىلىدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە نەق پايدىنى ئالايلى» دېيىشىپ،
دورغىلارغا ساندۇقنى سېتىۋەتتى. ئۇلار ساندۇقنى ئېلىپ يو-
لىغا راۋان بولدى.

مېھرى ساندۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، سۇدىن قۇتۇلغانلىقى-
نى، ئەمما قانداقتۇر نامەلۇم كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشكەنلى-
كىنى بىلدى. ئۇ تەڭرىگە نالە قىلىپ يىغلىدى، بۇ ئادەملەر

مۇسۇلمانمىدۇ، ياخشىمىدۇ، يامانمىدۇ، ئەمدى نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن، دەپ ئەندىشىدە قالدى. مېھرى ناھايىتى چاچلىق بولۇپ، ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن تەپمۇتەڭ تۇراتتى. ئۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ چاچلىرىنى يېشىپ بەدىنىگە ياپتى. ئۇ خۇددى قاپقارا يۇڭدىن كىيىم كىيىۋالغاندەك بولۇپ قالدى، بىرقانچە ۋاقىتتىن بېرى سۇدا ئېقىپ كەلگەچكە، چىرايى قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى.

ھېلىقى ئىككى دورغا ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كۆزلىگەن جايغا يېتىپ بارغۇچە ھېرىپ ھالى قالمىدى. ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن زور ئۈمىد بىلەن ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى، ئاچتىيۇ، ساندۇق ئىچىدە خۇددى دېۋىگە ئوخشاش قاپقارا بىر نەرسىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇلار: «ۋاي» دەپ ۋارقىراشقىنىچە ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ياپتى ۋە دەرھال قۇلۇپىنى سالدى. بۇ بىر بالايىئاپەت بولۇپ، كىمدۇر بىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ساندۇققا سولاپ سۇغا قويۇۋەتكەنىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدى ئۇلار. «بۇ ساندۇقنى مۇشۇ پېتى بازارغا ئاچىقىپ ساتايلى. بەختىمىز ئوڭدىن كېلىپ قالسا، بىزگە ئوخشاش خام تەمەدىن بىرى مىڭ تەڭگىگە ئالسا ئەجەب ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن تارتقان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالىمىز» دېيىشتى ئۇلار.

ئىككى دورغا ساندۇقنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ تۆت كوچىنىڭ ئاغزىغا ئېلىپ باردى ۋە:

— بۇ ساندۇقنى ئالغان ئادەم پۇشايمان قىلىدۇ، ئالمىغان ئادەم ئارماندا قالىدۇ. باھاسى مىڭ تەڭگە ! — دەپ جار سېلىشقا باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا خوجا ۋاپا ماھىگەردىن رۇخسەت ئېلىپ، شەھەرنى سەيلە قىلىشقا چىققانىدى. ئۇ تۆت كوچىغا كېلىپ،

بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ نېمىگىدۇر ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆردى، يېقىن بېرىپ قارىسا، بىر ساندۇق تۇراتتى. ساندۇقنىڭ ئىگىسى: «بۇ ساندۇقنىڭ باھاسى مىڭ تەڭگە. بۇنى ئالغان ئادەم پۇشايمان قىلىدۇ، ئالمىغان ئادەم ئارماندا قالىدۇ» دەپ ۋارقىراۋاتاتتى.

خوجا ۋاپانىڭ كۆڭلىدە، ئىنىكئانا دېگەن ساندۇق مۇشۇ بولمىغىيدى، دېگەن گۇمان پەيدا بولدى. ساندۇقنى سېتىۋالاي دېسە، يېنىدا ھېچ نەرسە يوق، ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا ۋەزىر يېتىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ۋەزىر ساندۇقنىڭ ئىچىدە چوقۇم نۇرغۇن بايلىق بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى. ئۇ دەرھال مىڭ تەڭگىنى ساناپ بېرىپ ساندۇقنى ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. بىچارە خوجا ۋاپا پەرىشان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ماھىگەر ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

— ئەي بوتام، نېمە بولدىڭىز؟ ئەجەبا، بۇگۇن پەرىشان كۆرۈنىسىزغۇ؟

— شەھەرگە كىرىپ، ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ بىرئاز پاراكەندە بولۇپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاپا.

ئەلقىسسە: ۋەزىر ساندۇقنى ئۆيگە ئاپىرىپ ئاغزىنى ئاچتى. ساندۇقنىڭ ئىچىدە قارا دېۋىگە ئوخشاش بىرنەرسە دۈمچىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ نەرسە ۋەزىرنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ھۆرپەيدى. ۋەزىر: «ۋاي ئاللا، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى تېز ئېتىڭلار» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. ئەتراپىدىكى خىزمەتكارلار يۇگۇرۇپ كېلىپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئەتتى. ۋەزىر تۆت - بەش قېتىم قېقىلىپ ئاندىن ھوشىغا كەلدى. بۇ ساندۇقتىكى دېۋە ئىكەن، ئەگەر بوشىنىپ ساندۇقتىن چىقىۋالسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ تۇتۇپ ساندۇققا بەند قىلالمايمىز، ئەڭ ياخشىسى بۇنى ساندۇق بىلەنلا ئۇجۇقتۇرۇش كېرەك، دەپ

ئويلىدى ۋەزىر. ئۇ يەنە، ئۆز پۇلىنى ئۆزى كۆيدۈرگەن ئادەم ئەقلىدىن ئازغان ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇنى مىڭ تەڭگىگە سې-تىۋالغانىدىم. ماڭا ئوخشاش خىيالپەرەس ھاماقەتتىن يەنە بى-رى چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ... دەپ ئويلاپ، ساندۇقنى سات-قىلى بازارغا ئېلىپ چىقتى.

بىر كۈنى خوجا ۋاپا ئاتىسى ماھىگەرنىڭ رۇخسىتى بىلەن شەھەرگە باردى. قارىسا، ھېلىقى ساندۇقنى يەنە ساتقىلى ئا-چىقىپ قويۇپتۇ. ساتقۇچى:

— كىمكى بۇ ساندۇقنى ئالسا پۇشايمان قىلىدۇ، ئالمىسا ئارماندا قالىدۇ، — دەپ ۋارقىرايتتى.

خوجا ۋاپا بۇ چوقۇم مېھرى سولانغان ساندۇق بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىدى. ساندۇقنى ئالاي دېسە پۇلى يوق ئىدى، ئىلاجسىزلىقتىن ئۇدۇل ماھىگەرنىڭ قېشىغا باردى.

— ئەي ئاتا، — دېدى ۋاپا، — دەرياغا تور تاشلاپ باق-قۇم كېلىۋاتىدۇ.

— شۇنداق قىلسىڭىزغۇ بەك ياخشى بولاتتى، بالام، — دېدى ماھىگەر، — ئۈچ كۈندىن بېرى تورغا بىرمۇ بېلىق چۈشمىدى.

خوجا ۋاپا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ماھىگەرگە تەزىم قىلدى ۋە:

— ئىنشائاللا، تەلىيىمنى سىناپ باقاي، — دەپ تور بى-لەن قارماقنى قولىغا ئالدى.

— بۇ ئىشقا قىزىقامسىز، بالام؟ — دېدى ماھىگەر.

— تولىمۇ قىزىقىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاپا.

خوجا ۋاپا دەريا بويىغا كېلىپ: «بىسمىللا» دەپ ئاتىسىغا ئاتاپ تور تاشلىدى، تورغا يوغان بىر بېلىق چۈشتى. ئىك-كىنچى قېتىم: «ئانامغا» دەپ تور سالدى، بۇ قېتىم تورغا

بىرقانچە تال بېلىق چۈشتى. ئۈچىنچى قېتىم ئۆزگە ئاتاپ تور تاشلىدى، تورغا ئىنتايىن چوڭ بىر بېلىق چۈشتى. بۇ بېلىققا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيغاندەك بولدى ۋە دەرھال بېلىقنىڭ قارنىنى ياردى. نېمىنى كۆردى دېمەمسىز، ئۆزى دەرياغا تاشلىغان ئون سەككىز دانە گۆھەر بېلىقنىڭ قارنىدا شۇ پېتى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ گۆھەرلەرنىڭ بىرىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغان ئون يەتتە گۆھەرنى پۇختا بىر يەرگە يوشۇردى، ئاندىن ھېلىقى بىر تال گۆھەرنى ئېلىپ شەھەرگە كەلدى. ئۇ گۆھەرنى جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا ئاپىرىپ كۆرسەتتى. جاۋاھىرپۇرۇش گۆھەرنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى ۋە باھاسىنى سورىدى. خوجا ۋاپا:

ــ ئون مىڭ تەڭگە بېرىڭ، ــ دېدى.

جاۋاھىرپۇرۇش بۇ سودىدىن بەك رازى بولدى. خوجا ۋاپا مىڭ تەڭگىنى ئالدى ۋە قالغىنىنى نېسى قالدۇرۇپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ئۇدۇل تۆت كوچىنىڭ ئاغزىغا چاپتى. ئۇ جايغا يېتىپ بارغۇچە ساندۇقنى باشقا بىرى ئېلىپ كېتەرمۇ، دېگەن ئەندىشىدە تىت ـ تىت بولدى. ئۇ يېتىپ كېلىپلا مىڭ تەڭگىنى ساناپ ۋەزىرنىڭ



خىزمەتكارىغا تۇتقۇزدى ـ دە، ساندۇقنى سىيتىۋالدى.

ۋاپا ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ماھىگەرنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. يول ئۈستىدە بىر گۇمبەز بار ئىدى. ساندۇقنى گۇمبەزنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ قويۇپ، ئۆزى گۇمبەزنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۆت ئەتراپقا قارىدى، يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ گۇمبەزگە كىرىپ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. قارىسا، مېھرى چاچلىرىنى پۈتۈن بەدىنىگە يۆگەپ ياتاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى تونۇغاندىن كېيىن: «ئەي جانى جاھانىم، ۋاي يار مېھرىبانىم، سېنى كۆرىدىغانمۇ كۈن بار ئىكەنغۇ؟! » دەپ يىغلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار بىرھازا بىھوش بولۇپ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى ساندۇقنى گۇمبەزدە قالدۇرۇپ يولىغا راۋان بولدى. بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق باشتىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى يول بويى بىر ـ بىرىگە سۆزلىشىپ، مۇڭ ـ زارلىرىنى ئېيتىشىپ ماڭغىنىچە ماھىگەرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

خوجا ۋاپا ئۆيىگە خۇشال ـ خۇرام كىرىپ كەلدى. ماھىگەر ئۇنى كۆرۈپ:

— ئەي بوتام، خۇداغا شۈكۈر. خېلى خۇشال كۆرۈنىسىزغۇ؟ — دېدى.

— ئەلھەمدۇلىللا خۇشالمەن، — دېدى ۋاپا، — بىر مېھمان باشلاپ كېلىۋىدىم، كۆرپە سالايلى.

— ئوغلۇم، سىز بىر غېرىب ـ مۇساپىر تۇرسىڭىز، نەدىكى مېھمان ئۇ؟ — دېدى ماھىگەر ۋە بىر كونا كۆرپىنى سالدى، — قېنى مەرھەمەت!

ماھىگەر قۇياش كەبى مېھرى ئىسسىق بىر ئاي جامال نازىنىننىڭ ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ئەي ئوغلۇم، — دېدى ماھىگەر، — بۇ نازىنىننى

نەدىن تاپتىڭىز؟ كىمنىڭ قىزىنى ئەپقاچتىڭىز؟

— ئەي ئاتا، بۇ مېنىڭ جانانىمدۇر. نەچچە يىللاردىن بېرى جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىشىم مۇشۇ يار ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭ ئىسمى مېھرى، مېنىڭ ئىسمىم خوجا ۋاپادۇر. مېھرىنى دەرياغا تاشلىغاندا مەنمۇ ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلىغاندىم. مېنى بېلىق يۇتۇپ، سىز بىلەن ئاتا - بالا بولۇپ قېلىشىمىزغا سەۋەب بولدى، — دەپ، بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى قويماي سۆزلەپ بەردى، ئاندىن خوجا ۋاپا ماھىگەرگە، — ئەي ئاتا، مەن بىر دانە گۆھەرنى پالانى جاۋاھىرپۇرۇشقا ئون مىڭ تەڭگىگە ساتقانىدىم. مىڭ تەڭگىنى شۇ ۋاقىتتا قولۇمغا بەردى، قالغىنى نېسى قالغانىدى. سىز بازارغا بېرىپ، جاۋاھىرپۇرۇشتىن قالغان پۇللارنى ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى.

ماھىگەر جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىۋىدى، جاۋاھىرپۇرۇش دەرھال توققۇز مىڭ تەڭگىنى تەيېيارلاپ ماھىگەرگە بەردى. ماھىگەر پۇلنى ئەكەلگەندىن كېيىن، خوجا ۋاپا:

— ئەي ئاتا، بۇ پۇلدىن ئېلىپ، ئۆيگە لازىملىق نەرسە - كېرەكلەرنى ئەكېلىڭ، — دېدى.

ماھىگەر بىرنەچچە تەڭگىنى ئېلىپ بازارغا باردى ۋە خوجا ۋاپا بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئەكەلدى.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتتى. خوجا ۋاپا بىلەن مېھرى ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ، يول تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلدى. ماھىگەر ئەر - خوتۇن ئىككىسى يىغلاپ خوشلاشتى. ئۇلار ئۇلاغلىرىغا ئوزۇق - تۈلۈكنى يۈكلەپ، بوۋاي - موماي بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى.

مېھرى بىلەن خوجا ۋاپا بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، ئا-

خىر بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار سال باغلاپ دەرياغا سالدى ۋە ئۆزلىرى چۈشۈپ دەريادا كېتىۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىز چوڭ بىر بېلىق قۇيرۇقى بىلەن سالنى ئۇردى، سال پارە ـ پارە بولدى. خوجا ۋاپا بىر پارچە ياغاچنىڭ ئۈستىدە، مېھرى بىر پارچە تاختاينىڭ ئۈستىدە قالدى. شۇ تەرىقىدە بىر كۈن ئۆتتى. ئۇلار كۈن كەچ بولغۇچە بىر ـ بىرىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ تۇردى. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، ھەر ئىككىلىسى قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى.

ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن كېيىن مېھرى ئۆزىنى بىر ئاماللار بىلەن قىرغاققا ئالدى. بۇ يەردە بىر دەرەخزارلىق بار ئىدى. مېھرى شۇ دەرەخزارلىققا كىرىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قۇرۇتتى. شۇ چاغدا بىر توپ ئاتلىق ئادەم يېتىپ كەلدى. بۇلار ئەسلىدە شىكارغا چىققان مىسىر پادىشاھى ۋە ئۇنىڭ ياساۋۇللىرى ئىدى. مېھرى خوجا ۋاپا بىلەن سەپەرگە چىققاندا ئەرەنچە كىيىنىۋالغانىدى. مىسىر پادىشاھىنىڭ ياساۋۇللىرى كۆردىكى، دەرەخزارلىقتا ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىت ئولتۇراتتى. مۇلازىملار ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پادىشاھقا بۇ تولىمۇ چىرايلىق، يېقىملىق بىر بالا بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ مېھرى چۈشۈپ قالدى ـ دە، ئۆزى بىلەن بىللە ئوردىسىغا ئېلىپ كەتتى.

بۇ پادىشاھنىڭ بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىدى. ئۇ مېھرىنى شەھەر خەلقىگە: «ئۆز بالام» دەپ جاكارلىدى، ئۇنىڭغا شاھانە كىيىملەرنى كىيگۈزدى.

بىر كۈنى پادىشاھ قول ئاستىدىكى ئەمىرلەر، ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى يىغىپ:

— بۈگۈندىن باشلاپ مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى ئوغلۇمغا تاپشۇردۇم، بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟ — دەپ

سورىدى.

پادىشاھنىڭ ئويلىغانلىرىغا ھەممەيلەن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھ ئىتىكاپتا ئىبادەتكە ئولتۇردى، مېھرى پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى.

ئەمدى ئىككى ئېغىز سۆزنى خوجا ۋاپادىن ئاڭلايلى:

ئەلقىسسە: خوجا ۋاپا دەريادا مېھرىدىن ئايرىلىپ يەتتە كېچە - كۈندۈز ئاقتى. يەتتىنچى كۈنى سۇ ئۇنى بىر قۇملۇققا چىقىرىپ قويدى. خوجا ۋاپانىڭ قورسىقى ئېچىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۇ كۆز ئالدىدا بىرنەچچە تۈپ مېۋىلىك دەرەخ تۇر- غانلىقىنى كۆردى. ئۇ مېۋىلەرنى ئۈزۈپ ئازراق يېدى، شۇنىڭدىن كېيىن: «تەۋەككۈل» دەپ يولغا چۈشتى، ماڭا - ماڭا بىر مەھەل- لىگە كېلىپ قالدى. ئۇ بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋىدى، ئىچ- كىرىدىن بىر كېنىزەك چىقتى - دە، خوجا ۋاپادىن:

— ئەي خوجا، نەدىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بىر مۇساپىر، بۇ يۇرتلاردا ھېچقانداق تونۇش - بىلىشىم يوق، — دېدى خوجا ۋاپا.

— بۇ خوجا تاھىرنىڭ ھويلىسى، — دېدى كېنىزەك ۋە ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي خوجا تاھىر چىقتى، قارىسا ئاپتاپ كەبى بىر يىگىت تۇرغان. خوجا ۋاپا خوجا تاھىرنى كۆرۈپ دەرھال ئۇنىڭغا سالام قىلدى. خوجا تاھىر ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن:

— ئەي يىگىت، نەدىن كەلدىڭىز؟ نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بىر سودىگەرمەن. بىر توپ سودىگەر بىلەن بىل- لە كېمىگە چۈشۈپ سەپەرگە چىققانىدۇق، يولدا پالاكەت بې- سىپ كېمىمىز سۇغا چۆكۈپ كەتتى. مەن بىر پارچە تاختاي-



نىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم. بىرقانچە كۈن دەريادا ئاقتىم. ئەمدى قىرغاققا چىقىپ بۇ يەرگە كېلىشىم، — دېدى خوجا ۋاپا.

— ئەي يىگىت، — دېدى خوجا تاھىر، — مېنىڭ بىرمۇ پەرزەنتىم يوق، سىزنى ئوغۇل قىلىۋالسام، ئىككىيلەن ئاتا ـ بالا بولۇپ بىللە ياشىساق نېمە دەيسىز؟

— خوپ، ئېيتقىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى خوجا ۋاپا تەزىم قىلىپ.

كۈنلەر ئۆتتى. خوجا ۋاپانى مېھرىنىڭ ئىشقى پىراقى بارغانسېرى بىئارام قىلىشقا باشلىدى. بىر كۈنى ئۇ خوجا تاھىردىن رۇخسەت ئېلىپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى.

بۇ ئەسلىدە مىسىر شەھىرى ئىدى. خوجا ۋاپا شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلىشىگە، دەرۋازىۋەنلەر ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ باردى، چۈنكى مېھرى خوجا ۋاپانى تېپىش مەقسىتىدە شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا مەخسۇس ئادەم قويۇپ، ئۇلارغا: «ھەر-قانداق مۇساپىر كەلسە، ماڭا كۆرسەتمەستىن يولغا سالماڭلار» دەپ ئەمر قىلغانىدى.

ياساۋۇل كىرىپ، بىر مۇساپىر يىگىتنى تۇتۇپ كەلگەن-لىكىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ ئۇنى ئېلىپ كى-رىشكە بۇيرۇدى.

مېھرىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان مۇساپىر يىگىت خوجا ۋاپاغا ئوخشاپ كەتتى.

— ئەي يىگىت، — دېدى مېھرى، — قايسى شەھەردىن كەلدىڭىز؟ كىمنىڭ پەرزەنتى بولىسىز؟

— مەن خوجا پەررۇخنىڭ ئوغلى خوجا ۋاپا بولىمەن. شەھىرىمىزدە مېھرى ئاتلىق بىر قىز بولۇپ، ئۇ مېنىڭ مە-شۇقۇم ئىدى ... — دەپ ئۆز كەچمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. مېھرى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ خوجا ۋاپا بى-لەن كۆرۈشتى، ئىككى يىنىدا ئولتۇرۇشقان ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەنمۇ قايتا كۆرۈشتى. ۋەزىرلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

مېھرى ئۆزىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ھەممىگە مەلۇم قىلدى ۋە خوجا ۋاپانى ئۆزىنىڭ ئورنىغا — شاھلىق تەخ-تىگە ئولتۇرغۇزدى. خوجا ۋاپا پۈتۈن شەھەر خەلقىنى چاقى-رىپ، زور داغدۇغا، ھەشەمەت بىلەن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلدى، ئاندىن ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر - ئۆلىمالارنى يى-غىپ مېھرىنى نىكاھلاپ ئۆز ئەمرىگە ئالدى. مېھرى بىلەن خوجا ۋاپا مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتتى.

# پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى

زامانلارنىڭ زامانىسىدا بىر كەمبەغەل بوۋاي ئۆتكەنىكەن، ئۇ بوۋاينىڭ زېرەك بىر ئوغلى بولغانىكەن. ئۇلار ئەسلىدە بىر قورايلىق ئېتىزغا بۇغداي تېرىپ، ئۇنىڭدىن ئاز ـ تولا بۇغداي ئېلىپ جېنىنى جان ئېتىپ كەپتىكەن. شۇنداق يىللارنىڭ بىرىدە يىل بويى يامغۇر ياغماي، بىر تالمۇ دان ئالالماپتۇ. بوۋاي جان بېقىش كويىدا بىر مەھەللىنىڭ پادىسىنى بېقىپتۇ، باققاندىمۇ ئەلنى رازى قىلغۇدەك بېقىپتۇ.

شۇ چاغدا بۇ ئەلنىڭ پادىشاھىمۇ ئۆزىنىڭ قىرىق بىر كالىسىنى باقىدىغان بىر ياخشى پادىچى ئىزدىتىپ يۈرگەنىكەن. ئۇ ئىزدەپ ـ سۈرۈشتۈرۈپ، بۇ پادىچى بوۋاينىڭ پادىنى ياخشى باقىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇنى چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ كالىلىرىنى بېقىشنى بۇيرۇپتۇ. بوۋاي چارىسىز ماقۇل بوپتۇ. پادىشاھنىڭ قىرىق بىر كالىسىنىڭ ئىچىدە بىر كالىسى قىرىق چېلەك، قالغان قىرىق كالىسى قىرىق چېلەك سۈت بېرىدىكەن. شۇڭا، قىرىق چېلەك سۈت بېرىدىغان كالا پادىشاھ ئۈچۈن بەكمۇ ئەتىۋارلىق ئىكەن. مۇشۇ ۋەجىدىن پادىشاھ ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر قېتىم، كەچتە بىر قېتىم كالىلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئاندىن خاتىرجەم بولىدىكەن.

كۈنلەر كەينىدىن كۈنلەر، ئايلار كەينىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ،

كالىلار ياخشى تويۇپ سەمرىپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە رازى بوپ-
تۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھنىڭ قىرىق چىلەك
سۈت بېرىدىغان كالىسى تۇيۇقسىز يوقىلىپ كېتىپتۇ. بوۋاي
يېقىن ئەتراپلارنى ئىزدەپتۇ، زادىلا تاپالماپتۇ. ئاخىر قىرىق
كالىنى ھەيدەپ قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئادىتى بويىچە چىقىپ
قارىسا، ئەتىۋارلىق كالىسى كۆرۈنمەپتۇ، سۈرۈشتۈرۈپ، يو-
قالغانلىقىنى بىلىپتۇ. پادىشاھ دەرغەزەپكە كەپتۇ — دە:
«جاللات ! » دەپ ۋارقىراپتۇ. جاللات شۇ ھامان يۈگۈرۈپ كى-
رىپتۇ — دە:

— ئۇلۇغ پادىشاھئالەم، كىمنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن
جۇدا قىلىمەن؟ — دەپتۇ.

— جانابىي شاھىمىز، — دەپتۇ پادىشاھنىڭ بىر ئادىل
ۋەزىرى، — بۇ بوۋاينى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، كالىنى تاپماق تەس
بولارمىكىن، ئۇنىڭغا بىر ھەپتە مۆھلەت بېرەيلى. شۇنىڭغىچە
كالىنى تاپالمىسا، ئاندىن ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا
قىلساق.

پادىشاھ ئويلىنىپ، بوۋايغا بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىپتۇ.
پادىچى بوۋاي تايىقىنى تۇتقىنىچە كالىنى ئىزدەپتۇ، چۆللەرنى
كېزىپتۇ، جاڭگاللارغا كىرىپتۇ، ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ، جۈمە
كۈنىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئۇ كالىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئۆ-
لۈم كۆزىگە كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ، يالغۇز بالىسىنى ئويلاپتۇ.
ئۇ شۇنداق خىياللار بىلەن مېڭىۋېرىپ، بىر تاغقا بېرىپ قاپ-
تۇ. ئۇ تاغدا بىر چوڭ غار بار ئىكەن. بوۋاي كالا مۇشۇ غار-
غا كىرىپ قامىلىپ قالغانمىدۇ؟ دېگەن ئوي بىلەن غارغا يې-
قىنلاپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا بىر دەھشەتلىك سادا بىلەن تەك
قاتتىق بوران چىقىپ، بوۋاينى بىر يەرلەرگە ئاپىرىپ تاشلاپ-
تۇ. بوۋاي تىرىشىپ — تىرمىشىپ يەنە غارنىڭ ئاغزىغا يې-

قىنلاپ بېرىپتۇ. بۇ قېتىم يەنە شۇنداق سادا بىلەن ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپتۇ. بوۋاي دەرھال ئۆزىنى دالىدىغا ئېلىۋاپتۇ. ئوت يالقۇنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بوۋاي غار ئاغزىغا قارىغۇدەك بولسا، بىر ئادەم تۇرغۇدەك. ئۇ بوۋايدىن:

— ھەي بوۋاي، سېنى بۇ يەرگە كېلىشكە نېمە مەجبۇر قىلدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن پادىشاھنىڭ قىرىق بىر كالىسىنى باقاتتىم، — دەپتۇ بوۋاي، — قىرىق چېلەك سۈت چىقىدىغان بىر ئارزۇلۇق كالىسى يوقىلىپ كەتتى. جۈمەدىن بېرى ئىزدەۋاتىمەن، ھېچ تاپالمىدىم. ئىزدەپ كېلىپ قارىسام بۇ غار كۆرۈندى. مۇشۇ غاردا قامىلىپ قالغانمىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن بۇ يەرگە كەلدىم.

— سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭنى بىلەتتىم. بۇ غار سېھىرگەرلەر ماكانى. سەن بىزنىڭ ھاجىتىمىزدىن چىقساڭ، كالىنى ئۆز ئۆيۈڭگە يەتكۈزىمىز، — دەپتۇ ھېلىقى سېھىرگەر.

— قولۇمدىن كەلسە، ھاجىتىڭلاردىن چىقاي، — دەپتۇ بوۋاي.

— سېنىڭ بىر يالغۇز ئوغلۇڭ بار، — دەپتۇ سېھىرگەر، — شۇ ئوغلۇڭنى بېرىسەن - دە، كالىنى ئەتە پادىشاھقا ئاپىرىپ بېرىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلىسەن.

بوۋاي ياق دېسە پادىشاھ ئۆلتۈرىدۇ، ماقۇل دەي دېسە يالغۇز بالىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. سېھىرگەر بوۋاينىڭ تەڭقىسلىقتا قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سەن بالاڭ بىلەن مەسلىھەتلەش، — دەپتۇ سېھىرگەر، — كۆزۈڭنى يۇم، مەن: «ئاچ» دېگەندە كۆزۈڭنى ئاچىسەن.

بوۋاي كۆزىنى يۇمۇپتۇ، بىرھازادىن كېيىن «ئاچ» دېگەن سادا بىلەن كۆزىنى ئېچىپتۇ، قارىسا، ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇدەك.

ئاتىسىنىڭ غەم ـ قايغۇدا قالغانلىقىنى بىلگەن ئوغۇل:

— ئاتا، كالا تېپىلمىغان بولسا، سېنىڭ ئورنۇڭغا پادىشاھنىڭ ئالدىغا مەن بارىمەن، — دەپتۇ.

بوۋاي ئوغلىغا سېھىرگەر بىلەن بولغان سۆھبەتنى دەپ بېرىپتۇ. زېرەك ئوغۇل ئاتىسىدىن رازىلىق دۇئاسىنى ئېلىپ، سېھىرگەرلەر ماكانىغا بارماقچى بوپتۇ. ھەممىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرغان سېھىرگەر شۇ ھامان پەيدا بولۇپ، كالىنى بوۋاينىڭ ھويلىسىغا يەتكۈزۈپتۇ ـ دە، بىر دومىلاپ چوڭ بىر قۇشقا ئايلىنىپ، بوۋاينىڭ ئوغلىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. بوۋاي ئوغلىنىڭ دەردىدە زار قاقشاپ قاپتۇ. قۇش يىگىتنى بىر ھەشەمەتلىك بىنانىڭ يېنىغا تاشلاپ غايىب بوپتۇ. يىگىت بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرسە، بىر مومايىنىڭ تەنھا تەسۋى تارتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە سالام بېرىپتۇ. موماي:

— كەلگىن، بالام، يۇقىرى ئۆتكىن، — دەپتۇ ـ دە، دەرھال مېۋە، قەنت ـ گېزەكلەر بىلەن چاي تەييارلاپ يىگىتنى مېھمان قىپتۇ. يىگىت چاي ئىچىۋېتىپ ئىشىك تەرەپكە شۇنداق قاراپتۇ ـ دە، بىر چوڭ يىلاننىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپتۇ.

— بالام، قورقمىغىن، — دەپتۇ موماي چىقىپ كېتىۋېتىپ، — زىيىنى يوق، ئىختىيارىغا قويۇپ بەر.

موماي ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يىلان يىگىتنىڭ قۇچىقىغا چىقىپتۇ ـ دە، بىر دومىلاپ، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار، قەلەم قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىق، زىلۋا بويلۇق بىر گۈزەل قىزغا ئايلىنىپتۇ. قىز يىگىتكە قاراپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، خۇش تەبەسسۇم بىلەن ھال ـ ئەھۋال سوراشپتۇ. يىگىتنىڭ قەلبىدە بىر ئوت كۆيگەندەك بوپتۇ، قىز ئۇنىڭ پۈتۈن مېھرىنى تارتىۋاپتۇ.

— بۇ ئۆي ـ جاي، ئىمارەتلەر بىزنىڭكى، — دەپتۇ قىز، — چارباغلارنى سەيلە قىلىڭ، بىللە چىقايلى!

قىز بۇ قەددى ـ قامەتلىك، زېرەك يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ، چارباغنى قىرىق كۈن ئايلىنىپتۇ. ئاندىن سېھىرگەر چوڭ توي ـ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، قىزنى يىگىتكە نىكاھلاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى يىگىتنىڭ ئاتىسىنى يوقلاپ كېلىش ئارزۇسى قوزغىلىپتۇ، بۇ ئارزۇسىنى خوتۇنىغا ئېيتىپتۇ. خوتۇنى مۇنداق دەپتۇ:

— سېھىرگەر مېنىڭ ئاتام بولىدۇ. سىز ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا، بىرىنچى كۈنى، بىر تۇلپار بار، شۇنى سوراڭ، ئىككىنچى كۈنى، بىر خىسلەتلىك ئۈزۈك بار، شۇنى سوراڭ، ئۈچىنچى كۈنى رۇخسەت سوراڭ.

يىگىت خوتۇنىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىرىنچى كۈنى تۇلپارنى سوراپتۇ، ئىككىنچى كۈنى خىسلەتلىك ئۈزۈكنى سوراپتۇ، ئۈچىنچى كۈنى ئاتىسىنى يوقلاش ئارزۇسىنى ئېيتىپ، رۇخسەت سوراپتۇ. سېھىرگەر سورىغانلىرىنى بېرىپ، رۇخسەت بېرىپتۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى يولغا تەييارلىق قىپتۇ. يولغا ئاتلانغان كۈنى قىز بىر دومىلاپلا يىلان قىياپىتىگە كىرىپ، ئاتنىڭ پۇتىغا يۆگىشىۋاپتۇ. ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە ئۈچقاندەكلا بېرىپتۇ. ئاتىسى ئوغلىنىڭ پىراقىدا ئازابلىنىپ يىتىپ قالغانىكەن.

— ئاتا، مەن قايتىپ كەلدىم، — دەپتۇ يىگىت.

بالىسىنىڭ تىرىكلىكىدىن ئۈمىد ئۈزگەن بوۋاي دەسلەپتە ئىشەنمەپتۇ، شۇنداقتىمۇ، ئىشىكىم ئالدىغا كەلگەنىكەن، دىدارىنى كۆرۈشۈم كېرەك، دەپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ ـ دە، بالىسىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

— سەن ئۆز بالامىمۇ ياكى بالامنىڭ روھىمۇ؟ — دەپتۇ

بوۋاي، — سېنىڭ بىلەن دىدارلىششقا خۇدا ئۆزى نېسىپ قىلغان ئوخشايدۇ. ئۆيگە كىر.

بوۋاي ئوغلى بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، باغلاپ قوي-غان تۇلپارغا كۆزى چۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ يۇتىدىكى يىلاننى كۆرۈپ، قورقۇنچ بېسىپتۇ.

— ئاتا، ئەندىشە قىلما، ئۆيگە كىرەيلى، — دەپتۇ يىگىت.

ئاتا - بالا ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، يىگىت ھەممە ئەھۋالنى ئاتىسىغا دەپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا يىلان بىر دو-ملاپ ئەسلىگە كېلىپ ئۆيگە كىرىپتۇ، بوۋايغا تەزىم قى-لىپ، ھال - ئەھۋاللىشىپتۇ. بوۋاي كېلىننى كۇتۇۋالغۇدەك ھېچ نەرسىسى بولمىغاچقا، بەكمۇ خىجالەت بوپتۇ.



— ئاتا، خىجا-لەت بولما، ھېلىمۇ قورايلىق ئېتىزد-مىز ئۆزىمىزدە ئى-كەن، ھەممە نەرسە تەل بولىدۇ، — دەپتۇ يىگىت.

يىگىت خىس-لەتلىك ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ: «قېنى، خىسلەتلىك ئۈزۈك، كارامى-تىڭنى كۆرسەت» دەپتىكەن، دەرۋا-زىسى ياقۇتتىن، تۇۋرۈكلىرى ئال-

تۇندىن، تەكتى مەرمەردىن ياسالغان بىر چوڭ ئوردا پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ نۇرىدا كېچە كۈندۈزگە ئايلىنىپتۇ. يىگىت بىلەن كېلىن بوۋاينى قولتۇقلاپ، زىلچا - گىلەملەر بىلەن ئورالغان بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، ئېسىل تائاملار بىلەن مېھمان قىپتۇ.

ئەمدىكى گەپنى شۇ ئەلنىڭ پادىشاھىدىن ئاڭلايلى:

ئوردىنىڭ داڭقى تېزلا پادىشاھ ئوردىسىدىن ھالقىپ، يىراق - چەتلەرگىچە يېتىپتۇ. پادىشاھ ئۆز تەۋەسىگە ئوردا سالغان «پادىشاھ»نىڭ كارامىتىنىڭ سىرىنى بىلەلمەپتۇ، بىر-نەچچە كۈنگىچە كۈتۈپتۇ. بىر جۈمە ئۆتكەندىن كېيىن يىگىت تۇلپارنى مىنىپ شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. پايلاقچىلار بۇ خەۋەرنى دەرھال پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ ئەھۋالنى كۆزىتىپ بې-قىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ۋەزىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر داغدۇ-غا بىلەن بۇ ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ. ئوردا شۇنچىلىك ھەشە-مەتلىك بولغان بىلەن بىرمۇ لەشكەر كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ قايسى ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، جاھاندا تەڭ-دىشى يوق بىر قىز چىقىپ ۋەزىرگە سالام بېرىپتۇ. قىز پە-لەمپەيدىن چاققانلىق بىلەن چۈشۈپ، ياشىنىپ قالغان ۋەزىر-نىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ، تۇرلۇك - تۇ-مەن نازۇنېمەتلەر بىلەن ۋەزىرنى مېھمان قىپتۇ. ۋەزىر قاي-تىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھقا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بې-رىپتۇ ۋە: «ئۇلۇغ پادىشاھىم، بۇ قىز گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى ئىكەن. ئۇنىڭ سۇزۇكلۇكىدىن شەربەتلەر، زەمزەملەر خىجىل ئىكەن، سۇ ئىچكەندە گېلىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. بۇ گۈزەل پەقەت شەۋكەتلىك پادىشاھىمىزغىلا مەنسۇپ» دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ قىزنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ماڭا تەۋە ئەلدە مۇنداق بىر گۈزەل ساھىبجامالنىڭ مېنىڭ ئوردامدا بولماي،

ئۇ يەردە تۇرۇشى مەن ئۇچۇن ھاقارەت، ئۇ گۈلنىڭ خۇش پۇرىقىدىن مەنلا ھۇزۇرلىنىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. بىراق، ئۇ بىر پادىشاھ ياكى شاھزادە بولۇپ، يوشۇرۇپ قويغان ئەسكەرلىرى باردۇ، دېگەن ئوي بىلەن يەنە پايلاقچى ئەۋەتىپ تىڭ ـ تىڭلاپ كۆرۈپتۇ. پايلاقچىلار قىزدىن باشقا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىدىن خەۋەر بېرىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، پادىشاھ بەش يۈز ئاتلىق لەشكەر ئەۋەتىپتۇ. ئاتلىق لەشكەرلەر ئۈچ قېتىم چۇقان كۆتۈرۈپتۇ، لېكىن بۇ ئوردىدىن بىرمۇ لەشكەر چىقماپتۇ. ئاخىردا لەشكەرلەر ئوتتۇز ئاتلىقتىن سەپ تۈزۈپ، ياقۇت دەرۋازىدىن باستۇرۇپ كىرىپتۇ. بۇ ھېكمەتلىك ياقۇت دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتى ئۆزلۈكىدىن شۇنداق بىر ئېچىلىپ يېپىلىپتىكەن، لەشكەرلەر شۇ يەردىلا ئاتلىرىدىن مولللاق ئېتىپ، ھەممىسى ھالاك بوپتۇ. پادىشاھ بۇ قىزنى قولغا چۈشۈرەلمەي، باشقىچە ھىيلە ئىشلىتىپ، يىگىتنى ئۆلتۈرۈپ، قىزنى قولغا چۈشۈرمەكچى بوپتۇ.

ئارىدىن بىرمەھەل ئۆتۈپ يىگىت شىكاردىن قايتىپ كەلگەندە، بولغان ۋەقەنى خوتۇنىدىن بىرمۇبىر ئاڭلاپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنىغا بولغان مېھرى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ يەنە ھىيلە ئىشلىتىپ، بىر پالاكەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپتۇ. ئۇلار: «ھەرنېمە بولسا، ئۆزىمىزنى سەگەك تۇتايلى» دېيىشىپتۇ. پادىشاھمۇ يىگىتنى چاقىرتىپ، تۇلپارنى قولغا چۈشۈرۈپ، يىگىتكە بىر تۆھمەتنى ئارتىپ زىندانغا تاشلاش ئارقىلىق قىزنى ئوردىغا ئەكېلىۋالماقچى بوپتۇ ـ دە، ئەتىسى يىگىتنى پادىشاھ ھۇزۇرىغا چاقىرتىپتۇ. يىگىت پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا تۇلپارنى مىنىپ بېرىپتۇ. تۇلپارنى بىر يەرگە باغلاپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. پايلاقچىلار يوشۇرۇنچە تۇلپارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئەپقاچماقچى بوپتۇ. تۇلپار

ئالدىغا كەلگەننى چىشلەپتۇ، ئارقىسىدىن كەلگەننى تېپىپتۇ، ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەپتۇ. يىگىت بۇنى تۈيۈپ قاپتۇ. پادىشاھ بۇ يىگىتنىڭ ھېكمىتىگە ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. يىگىت قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئاتىسىنىڭ ۋاقتىدىمۇ ۋەزىر بولغان، چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان قېرى ۋەزىر پادىشاھقا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئەي شەۋكەتلىك شاھىمىز، مەرھۇم ئاتىلىرى بىر تىلسىماتقا بەكمۇ قىزىققانىدى، بىراق مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. مەرھۇم بوۋىلىرىمۇ بۇ يولدا ئۆرۈنۈپ باققانىكەن. بىز بۇ يىگىتنى مۇشۇ يولغا سالساق، ئۇ بۇ ئىشنى ھەرگىز ئورۇندىيالمايدۇ. سىلى مەرھۇم ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئوخشاش: «بۇنى ئورۇندايسەن، ئورۇندىساڭ پادىشاھلىقىمنى بېرىمەن، ئورۇندىيالمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن» دەيدىلا. مانا بۇ مەقسەتلىرىگە يېتىشنىڭ چارىسى.

— خوش، بۇ تىلسىمات نېمىكەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئىككى تىلسىمات بارمىش، — دەپتۇ ۋەزىر، — بىرى، شۇنداق بىر سازمىش. ئۇنىڭغا ئېرىشكەندە، ئالەمدىكى جىمى نەغمە ـ ناۋادىن خالىغىنىنى ئۆزى چېلىپ بېرەرمىش، كۆڭۈلنى بەكمۇ خۇش قىلارمىش. يەنە بىرى، ئىپار كېپىنەكمىش. ئۇنىڭغا ئېرىشكەندە، ئەتراپ خۇش پۇراققا تولارمىش، شۇ ئەتراپتىكى پۇقرالاردىن كېسەل بولغانلار ساقىيارمىش، زادى كېسەل بولماي، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ساغلام ئۆتەرمىش.

پادىشاھ بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ ـ دە:

— يا شۇ قىزغا ئېرىشەي، يا بۇ تىلسىماتقا ئېرىشەي. بۇ تىلسىماتقا ئېرىشەلمىسەملا، پادىشاھلىقىمدىن ۋاز كېچەي، — دەپتۇ.

يىگىت قايتا پادىشاھ ھۇزۇرىغا چاقىرتىلىپتۇ.

— ھەي يىگىت، — دەپتۇ پادىشاھ، — مەن سىنىڭ زې-رەك ۋە ئەقىللىقلىقىڭغا قايىل بولدۇم. مېنىڭ ئىككى نەر-سىگىلا ھاجىتىم بار، شۇنى ئورۇندىساڭ، پادىشاھلىقىمنى سا-ڭا ئۆتۈنىمەن، ھاجىتىمدىن چىقالمىساڭ، مېنىڭدىن رەنجىمە.

— قولۇمدىن كەلسىلا ھاجەتلىرىدىن چىقىشقا تەييار-مەن، — دەپتۇ يىگىت.

پادىشاھ تىلسىمات قىلىنغان ساز بىلەن ئىپار كېيىكنى نەدىن بولسا، شۇ يەردىن تېپىپ يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئېيتىپ-تۇ. يىگىت:

— خوپ، مەن ئەزەلدىن كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش يولىغا ئۆزۈمنى ئاتىغان، ئۆلمىسەملا تەلەپلىرىنى ئورۇنداي-مەن، — دەپتۇ.

يىگىت قايتىپ بارغاندىن كېيىن بولغان ۋەقەنى، پادىشاھ-نىڭ ھاجىتىنى خوتۇنىغا دەپ بېرىپتۇ. خوتۇنى مۇنداق دەپتۇ:

— ئاتام تۇرۇۋاتقان غاردىن قىرىق بىر كۈنلۈك يىراق بىر تاغنىڭ يېنىدا يەنە بىر غار بار. غارنىڭ ئىچىدە دىۋىلەر ئۇخلايدۇ. دىۋىلەر ئۇخلاپ قالغان بولسا، ئەتراپ تىمتاس، جىمجىتلىقتا ئايلىنىدۇ، ئۇچار قۇشلارمۇ سايرىمايدۇ. بۇ چاغدا سىز يېتەرلىك ئوزۇق، ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ، نېرىدىكى بىر كاماردا بىر جۇمەدىن بىر ئايغىچە يېتىڭ. قاچان ئۇچار قۇشلار سايرىغان، يېقىملىق ساز - نەغمە ئاڭلانغان چاغدىلا غارغا كىرىڭ. ئۇ چاغدا دىۋىلەر بىر يىللىق يەرگە سەپەر قىلغان بولىدۇ. سىز غارنىڭ بىرىنچى ئىشىكىنى ئاچقاندىن كېيىن، بىرىنچى ئويۇقتا ئالتۇن تاۋاقتا دانلاۋاتقان بىر دەم-دەر بار. بۇ، دىۋىلەرنىڭ جېنى، سىز ناھايىتى چاققانلىق بى-لەن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ بوينىنى ئۈزۈۋېتىڭ، بولمىسا

دېۋلەر يېتىپ كېلىدۇ - دە، سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بويىنىنى ئۈزگەندىن كېيىن، ئىككىنچى ئويۇقتىكى ئالتۇن ساندۇق ئىچىدە قىرىق ئاچقۇچ بار، ئۇنى ئېلىپ ئۆيلەرنى بىر - بىرلەپ ئاچسىڭىز، قىرىقىنچى ئۆينىڭ ئىچىدە نۇر چاقناپ تۇرغان بىر گۆھەردىن ياسالغان ھاسا بار، ئۇنى ئېلىپلا قېچىڭ. سىزنى بىر توپ ئاتلىقلار قوغلايدۇ. يېتىشەلمىسە، شۇ بويىچە يېنىپ كېلىڭ، يېتىشىۋېلىپ ئارىغا ئېلىۋالسا: «ھەي ئەزىز تۇلپارىم» دەپ، تۇلپارنىڭ بېشىنى بىرلا سىلاپ قويۇڭ، مۇشكۈلىڭىز ئاسان بولىدۇ. پادىشاھنىڭ يەنە بىر ھاجىتىنىڭ سىرىنى سىز سالامەت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەپ بېرىمەن.

يىگىت خوتۇنىنىڭ دېگىنى بويىچە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. تاغنىڭ كامىرىدا ئىككى جۇمە يېتىپتۇ، خوتۇنىنىڭ دېگىنىنى بىرمۇبىر ئورۇنداپ، تىلسىمات ھاسىنى ئالغان پېتى قېچىپتۇ. ئارقىسىدىن قوغلىغان بىر توپ ئاتلىقلار يىگىتنى يېرىم يولدا ئارىغا ئېلىۋاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ: «ھەي ئەزىز تۇلپارىم» دەپ، تۇلپارنىڭ بېشىنى بىرلا سىلاپ قويغانىكەن، تۇلپار تۈگۈلۈپ تۇرۇپ بىر سەكرەپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. قوغلىغانلار ئاسمانغا قارىغىنىچە چۆل - جەزىرىدە قاپتۇ. يىگىت سالامەت قايتىپ كېلىپ، پادىشاھقا تىلسىماتلىق گۆھەر ھاسا شەكىللىك سازنى ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپتۇ. پادىشاھ سازنىڭ نەچچە مىڭ خىل نەغمە - ناۋاسىغا مەپتۇن بوپتۇ. ئۇ پۈتۈن تاجۇتەختىدىن ۋاز كەچمەكچى بوپتۇيۇ، لېكىن يەنە بىر تىلسىمات ھەققىدىكى سۆزنى ئەسلەپ، ئىپار كېيىكنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. يىگىت خوتۇنىدىن بۇنى تېپىپ كېلىش توغرىسىدىكى سىرنى دەپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. خوتۇنى مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي زېرەك باتۇرۇم، سىزنىڭ ئۆز جېنىڭىزنى كە-
شىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا ئاتىغانلىقىڭىزغا قايىلمەن.
سىز ئەڭ قىيىن ئىشنى ئورۇندىدىڭىز. ئىپار كېيىكنىڭ جا-
پالىق يولىنى سىز ئاللىقاچان بېسىپ بولغان. ئەسلىدە ئىپار
كېيىك مېنىڭ ئىدى. سىز سورىمىغاندىن كېيىن، مەن ئېلىپ
كەلمىگەن. خەير، بوپتۇ، پادىشاھقا ھاجەتلىك بولسا بېرەيلى.
سىز ئاتامنىڭ ماكانىغا بېرىڭ، چارباغدا كېيىك بار، ئۇ ياتقان
بولسا زادى تۇتماڭ، ئوتلاۋاتقان بولسا تۇتۇڭ.
يىگىت خوتۇنىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە غارغا بېرىپ،
چارباغقا كىرىپتۇ. ئۇ ئىزدەپ بارسا، ئىپار كېيىك ياتقۇدەك.
يىگىت يېرىم كۈن قاراپ تۇرۇپتۇ، كېيىك ئوتلاشقا باشلىغاز-
دىلا قوغلاپتۇ. ئىپار كېيىك تۇتۇق بەرمەي ئويناقلاپ قېچىپ-
تۇ، قوغلاۋەرگەندىن كېيىن، بىر تاغنى ئاتلاپ، بىر ئۆيگە
قېچىپ كىرىپ كېتىپتۇ. يىگىت تۇلپارىنى بىر ياغاچقا
باغلاپ، ئىپار كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ ئۆيگە كىرىپتۇ. قا-
رىسا، قىزنىڭ ئاتىسى ناماز ئۆتەۋېتىپتۇ، كېيىك سەل بېرد-
سىدا كۆشەپ يېتىپتۇ. يىگىت قېيناتىسىنىڭ ناماز ئۆتەپ بو-
لۇشىغىلا سالام بېرىپ ئەھۋاللىشىپتۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىپار
كېيىكنى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى دەپتۇ.
— ئوغلۇم، — دەپتۇ قىزنىڭ ئاتىسى، — بۇ ئىپار كې-
يىكنى بۇرۇنلا سورىماي، خېلى ئاۋارە بوپسەن، بۇنچىلىك
ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. سەن دېمىگىنى ئېلىپ
ئاندىن قايتقىن، ئىپار كېيىك سېنىڭدىن بۇرۇن يېتىپ بارىدۇ.
يىگىت دېمىنى ئېلىپ، تۇلپارغا مىنىپ ئۆيىگە كەلسە،
دېگەندەك ئىپار كېيىك خوتۇنىنىڭ يېنىدا يېتىپتۇ. ئەتىسى
يىگىت ئىپار كېيىكنى يېتىلەپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كىرىپتۇ، راست دېگەندەك، ئوردىنى خۇش پۇراق قاپلاپتۇ، كېسەل

بولغانلار ساقىيىپتۇ، ھەممە كىشى كۆچكە تولغاندەك بوپتۇ.

پادىشاھ بۇ تىلسىماتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆز تەۋە-
سىدىكى جىمى ئادەمنى توپلاپ، ئالدى بىلەن ئاتا - بوۋىسى-
نىڭ تىلسىمات يولىدا مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكىنى سۆزلەپ-
تۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز نە-
زىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۆزىنى بۇ تىلسىماتقا ئېرىشتۈر-
گەن زېرەك، ئەقىللىق، باتۇر يىگىتكە ۋەدىسى بويىچە پادى-
شاھلىقىدىن ۋاز كېچىپ، تاجۇ تەختىنى ئۆتۈنۈپتۇ. يىگىت
ئەلگە قىرىق كېچە - كۈندۈز مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.
يۇرت ئىچىدە يىگىت ۋە ئايالى ئابرۇي تېپىپتۇ، ئەل باياشات-
لىققا ئېرىشىپتۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، شۇ زامانلاردا
تورغايلار قوينىڭ دۈمبىسىدە ئۇۋۇلىغانىكەن.

# زىرەك

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى يىراقتىكى كاتتا بىر شەھەردە بىر مېھرىبان ئانا ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئاتىسىدىن يېتىم قالغان دانا، تادان، زىرەك دەيدىغان ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. دانا بىلەن تادانىنىڭ خوتۇن - بالىلىرى بار ئىكەن.

بۇ ئانا ئاتىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغان بۇ ئۈچ ئوغلىنى ئاتا مېھرىگە زار قىلماي قاتارغا قوشۇپتۇ. ئوغۇللىرىنىڭ چوڭى دانا قىلىچۋاز، ئوتتۇرانچى ئوغۇل تادان نەيزىۋاز بولۇپ يېتىلىپتۇ. كەنجى ئوغۇل زىرەك ئىككى ئاكىسىنىڭ ماھارىتىنى ئۆگەنگەندىن سىرت، ئوقيا ئېتىشقىمۇ ماھىر بولۇپ يېتىلىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانىسىنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئانىسىنىڭ كۆزىنى داۋالاشنىڭ ئامالىنى قىلالماي قاپتۇ - دە، ئۈچ ئوغۇل باش قوشۇپ: «ئانىمىز بىزنى چوڭ قىلغۇچە ئاز جاپا چەكمىدى. ئەمدى بىزنىڭ ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى. بىز ئانىمىزنىڭ كۆزىنى چوقۇم ساقايتايلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ.

ئۇلار ھەر تەرەپتىن تېۋىپ ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ، لېكىن بىرەر ئۇستا تېۋىپ تاپالماپتۇ. ئۇلارنىڭ بېشى قېتىپ كېتىپ بارسا، ئالدىغا بىر قېرى دەللە ئۇچراپتۇ. دەللە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ئەي يىگىتلەر، نېمىگە شۇنچە دەردكە پېتىپ كەت-تىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەردىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. دەللە ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— «كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە، تېۋىپ ئۆزى كەپتۇ» دې-گەن شۇ - دە. خۇدا مېنى سىلەرگە يولۇقتۇرۇپتۇ. مەن سىلەرگە ئوخشاش ئانىسى ئۇچۇن شۇنچە غەم يېگەن ئوغۇللارنى كۆرمىگە-نىكەنمەن. مەن سىلەرگە ياردەم قىلىمەن، لېكىن بىر شەرتىم بار، ماقۇل بولساڭلار، ئاناڭلارنىڭ كېسىلىنى ساقايتىشنىڭ يو-لىنى كۆرسىتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ. ئۇلار تەڭلا:

— ئەگەر ئانىمىزنىڭ كېسىلى ساقىيىدىغانلا ئىش بول-سا، بىر شەرت ئەمەس، ئون شەرت بولسىمۇ ئورۇندايمىز، — دېيىشىپتۇ. دەللە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— مېنىڭ شەرتىم: مەن بۇيرۇغان دورىنى «يالغۇز قاپاق» دەيدۇ، ئۇنى پەقەت بىرلا ئادەم ئەكېلىشى كېرەك، — دەپتۇ.

ئۈچ ئوغۇل: «شۇنداق قىلىمىز» دەپ قەسەم ئىچىشىپتۇ. دەللە ئۇلارنىڭ قەسىمىنى ئاڭلاپ:

— سىلەر مۇشۇ يەردىن كۈنچىقىشقا قاراپ قىرىق كۈن يول يۈرسەڭلار، شەھرى خەربەرگە يېتىپ بارىسىلەر. ئۇ يەردە بىر چارباغ بار، چارباغدا ماڭا ئوخشاش بىر موماي بار، چار-باغ ئاشۇ مومايىنىڭ. چارباغدا قىرىق بىر ئۆي بار. ئۆيلەرنىڭ بىرىدە بىر تىلسىم قازان قايناپ تۇرىدۇ، ئۇ قايناپ تاشقاندا شىپالىق دورا قاپاققا چۈشىدۇ. «يالغۇز قاپاق» دېگەن شۇ. ئاشۇ دورا تېپىلسا، ئاناڭلارنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

ئاكا - ئۇكىلار خۇشال بولۇشۇپ دەللىگە رەھمەت ئېي-تىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپتۇ.

ئۈچىسى مەسلىھەتلىشىپ دانانى يولغا ساپتۇ. دانا قىرىق

كۆنلۈك ئوزۇق ئېلىپ، قىلىچىنى ھەمراھ قىلىپ يولغا چىـ.
قىپتۇ. ئۇ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، نۇرغۇن چۆل ـ
جەزىرىلەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ، دەللە كۆرسەتكەن چارباغقا
يېتىپ بېرىپتۇ. دانا باغنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ كىرىپلا
ئۆزلىرىگە يول كۆرسەتكەن موماينىڭ كۆزلىرىگە قان تولغان
ھالەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— ئەسسالام موما، — دەپ سالام بېرىپتۇ دانا.

— ئەگەر سالىمىڭ بولمىغان بولسا، بىر يالماپ يۇتۇۋې.
تەتتىم. مەن سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتۈپ تۇرغان. مانا ئاچ.
قۇچ، دورىنى ئۆزۈڭ تېپىۋال، — دەپتۇ يالماۋۇز.

دانا قىرىق بىر ئاچقۇچنى ئېلىپ باغقا كىرىپتۇ. ئۇ بى.
رىنچى ئۆينىڭ ئالدىغا بېرىشىغا ئون ئىككى دىۋە ئالدىنى
توسۇپتۇ. دانا دىۋىلەر بىلەن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ،
ھەممىسىنى يەر چىشلىتىپتۇ. دانا بىرىنچى ئۆينىڭ ئىشىكى.



نى ئېچىپ ئىچىگە كىرىشىگە، يالماۋۇز كەينىدىن كېلىپ ئۇنى سولاپ قويۇپتۇ.

تادان بىلەن زىرەك ئۇنىڭ يولىغا تەشنا بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئارىدىن توقسان كۈن ئۆتۈپتۇ، دانا قايتىپ كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تادان يولغا چىقىپتۇ. تادان ئاكىسى بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى كەينىدە قالدۇرۇپ چارباغنى تېپىپ بېرىپتۇ. تادانمۇ ئۇ يالماۋۇزدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ باغقا كىرىپتۇ. ئۇ بىرىنچى ئۆيدىن تىنچ - ئامان ئۆتۈپ ئىككىنچى ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىشىغا، يىلانلار ئالدىنى توسۇپتۇ. ئۇ يىلانلارنى يەتتە كېچە - كۈندۈزدە ئۆلتۈرۈپ بوپتۇ. ئۇ ئەمدى ئۆيگە كىرىشىگە، يالماۋۇز ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنى ئاكىسىنىڭ يېنىغا سولاپتۇ. ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپتۇ. يالماۋۇز:

— ئەمدى زىرەك كەلسە ئۇچىڭلارنى تەڭ كاۋاپ قىلىپ يەيمەن، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلار يالماۋۇزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەسرەت چېكىشىپتۇ.

زىرەك تادانىنىڭ كېلىدىغان كۈنىنى ساناپ سەكسەن كۈننى تەستە ئۆتكۈزۈپتۇ، لېكىن تادان كەلمەپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى ئاكىسىنىڭ خەتەرگە يولۇققانلىقىنى بىلىپ، ئانىسىنىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئەي ئانا، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. مەن ئىككى ئاكامنى تېپىپ، سېنىڭ كۆزۈڭنى داۋالاتمىسام قارا يۈز بولۇپ قالىمەن، ماڭا دۇئا بەرگىن، — دەپتۇ.

ئانا ئوغلىغا ئاقيول تىلەپ دۇئا قىپتۇ. زىرەك سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، ئاكىلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپتۇ. زىرەك يەتتە كۈن يول يۈرۈپ بىر بۇلاق بېشىغا كېلىپ، بۇلاق بويىدىكى چىنارنىڭ سايىسىدە ئارام ئاپتۇ. ئۇ ئۇخلاپ بىر

چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاپئاق ساقال، قامەتلىك بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقۇدەك. زىبرەك بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ:

— ئەي ئوغلۇم، سەپىرىڭ قايان، مەقسىتىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. زىبرەك ئانىسى ۋە ئاكىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، سەن كۆرگەن ئۇ موماي ئادەم ئەمەس، يەتتە باشلىق يالماۋۇز، ئىككى ئاكاڭ ئۇ ئالۋاستىغا تۇتقۇن بولدى. ئۇيقۇڭنى ئاچ، پەخەس بول. ساڭا دۇئا قىلاي، — دەپتۇ بوۋاي.

زىبرەك چۆچۈپ ئويغىنىپ، خۇدادىن مەدەت تىلەپ يولىنى داۋام ئېتىپتۇ.

يالماۋۇز پال سېلىپ، زىبرەكنىڭ ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ۋەھىمە بېسىپتۇ. ئۇ زىبرەكنى ئۆز يېنىغا كەلتۈرمەسلىكنى ئويلاپ كۆڭلىگە شۇملۇق پۈكۈپتۇ. ئۇ زىبرەكنى كېلەر يولىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يولىغا نەچچە يەرگە سېھرىي جادۇ قۇرۇپتۇ.

زىبرەك يولدا كېتىۋېتىپ بىرمۇنچە تۆگىلەرنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمگە ئۇچراپتۇ. زىبرەك ئۇ ئادەمگە سالام بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم زىبرەكنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ:

— سەن كىم؟ بۇ ئادەم ئاياغ باسماس چۆلدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. زىبرەك ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، مەن شەھىرى خەربەردىن كەلدىم. سەن خەتەرلىك يولغا مېڭىپسەن، شۇنداقتىمۇ يولۇڭدىن يانما. مەن ساڭا بىر نار تۆگەمنى بېرەي، پالاكەتچىلىككە يولۇقساڭ ئەسقېتىپ قالار، — دەپ بىر نار تۆگىنى تۇتۇپ بېرىپ كېتىپ قاپتۇ.

زىبرەك نار تۆگىنى مىنىپ كېلىۋاتسا، يەنە بىر ئادەم

نۇرغۇن يىلقىنى ھەيدەپ كەپتۇ. ئۇلار كۆرۈشۈپ ئەھۋاللى-
شىپتۇ. ئۇ ئادەم زېرەككە، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە مۈشكۈ-
لۈك ئاسان بولار، دەپ بىر ئايغىرنى تۇتۇپ بېرىپ كېتىپ
قاپتۇ. زېرەك يولنى داۋام قىلىپ كېتىۋاتسا، نۇرغۇن كا-
لىلارنى ھەيدەپ يەنە بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇلار ئەھۋاللىشىپ
خوشلىشىدىغان چاغدا بۇ ئادەم، لازىم بولۇپ قالار، دەپ بىر
بۇقىنى بېرىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

زېرەك ئۇ كىشى بىلەن خوشلىشىپ تۆگىگە مىنىپ، ئاي-
غىر بىلەن بۇقىنى يېتىلەپ مېڭىپتۇ. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە ئۈچ
كۈن يول يۈرگەندە، توساتتىن يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق
قاپلاپتۇ. زېرەك ئاسماندا شۇنداق چوڭ بىر قۇشنىڭ ئۇچۇپ
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. نار تۆگە:

— ئەي ئىگەم، ئۇ بىر سار، ئۇنىڭ جاجىسىنى بەر،
بولمىسا سېنى پالاكەت باسىدۇ، — دەپتۇ. زېرەك ئوقيانى ئې-
لىپ قۇشنى ئېتىپتۇ. قۇش ئېچىنىشلىق بىر چىرقىراپ
پەيگە ئايلىنىپ توزۇپ كېتىپتۇ. زېرەك يەنە بىرئاز ماڭغاندىن
كېيىن چۆلدە بىر تاختاي ئۇچراپتۇ، تاختايغا: «بۇ سېھرىي
ماكان، كىم ئاياغ باسسا بۆرىگە يەم بولىدۇ» دەپ يېزىلغان-
كەن. دەل شۇ چاغدا بىرمۇنچە بۆرە يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە
باشلاپتۇ. ئۇ بۆرىلەرنى يا بىلەن ئېتىپتۇ، بىر تال ئوقتا بىر
بۆرىنى يەر چىشلىتىپتۇ، لېكىن بۆرە ئازلىماي، بىرى ئۆلسە
ئونى كۆپىيىپتۇ. بۇ ئەسلى يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ سېھ-
رىي جادۇسى ئىكەن، ئاخىر زېرەكنىڭ ئوقى تۈگەپتۇ. ئۇ بۆ-
رىلەرنى قىلىچ بىلەن چېپىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بىر كېچە-
كۈندۈز بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىپ ماغدۇرىدىن كېتىپ قاپتۇ.
شۇ چاغدا بۇقا زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي ئىگەم، مېنىڭ نوختامنى يېشىۋەت، — دەپتۇ.

زېرەك بۇقىنىڭ بېشىدىكى نوختىنى يېشىۋېتىپتۇ. بۇقا شۇ ھامان بۆرىلەرگە ئېتىلىپ، بىر كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۇقا يەنە:

— ئەي ئىگەم، مېنىڭ قارنىمنى يېرىۋېتىپ يولۇڭغا راۋان بول، — دەپتۇ. زېرەك ئىلاجسىز بۇقىنىڭ قارنىغا خەنجەر ئۇرۇپتۇ. بۆرىلەر قان ھىدىنى پۇراپ ھەممىسى بۇقىغا يېپىشىپتۇ. زېرەك تۆگىگە مىنىپ، ئايغىرنى يېتىلەپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۇ بۆرىلەردىن قۇتۇلۇپ يەنە ئۈچ كۈن يول يۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا جاھاننى يەنە قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. زېرەك ئاسمانغا قاراپ بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆ- رۈپتۇ. شۇ چاغدا تۆگە يەنە:

— ئەي ئىگەم، ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرگىن، — دەپتۇ.

زېرەك يانى قولىغا ئېلىپ، قارا بۇلۇتقا قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. شۇ ھامان دەھشەتلىك چاقماق چېقىلىپ، بۇلۇت ئىس ـ تۈتەككە ئايلىنىپ تاراپ كېتىپتۇ، جاھان يورۇپتۇ. ئۇ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئالدىغا بىر تاختاي ئۇچراپتۇ، تاختايغا: «بۇ يەرگە قەدەم باسقانلار قۇزغۇنغا يەم بولىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن. زېرەك تاختاينى سۇندۇرۇۋېتىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئاسماندا بىرمۇنچە قۇزغۇن پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. زېرەك قىلىچ بىلەن قۇزغۇنلارنى چېپىپتۇ. شۇ چاغدا ئايغىر زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي ئىگەم، مېنىڭ قارنىمنى يېرىۋېتىپ تېز يولۇڭغا راۋان بول، — دەپتۇ. زېرەك ئىلاجسىز ئايغىرنىڭ قورسىقىغا قىلىچ ئۇرۇپتۇ، ئايغىرنىڭ قارنىدىن قان چاچراپ چىقىپتۇ. قۇزغۇنلار قان ھىدىنى پۇراپ ئايغىرغا يېپىشىپتۇ.

زېرەك قۇزغۇنلاردىن قۇتۇلۇپ، تۆگىسىنى مىنىپ يولىنى

داۋام ئېتىپتۇ. ئۇ ئۈچ كۈن يول يۈرگەندە ئالدىدىن قۇيۇنتاز كۆتۈرۈلۈپتۇ. قۇيۇنتاز يېقىنلاشقانچە ئۇنى دەم تارتىپ سۈمۈرۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا تۆگە يەنە:

— ئەي ئىگەم، ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرگىن، — دەپتۇ.

زېرەك قولىغا يانى ئېلىپ، قۇيۇنتازنىڭ مەركىزىنى نىشانلاپ ئوق ئۈزۈپتۇ. شۇ هامان دەهشەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ قۇيۇنتاز غايىب بوپتۇ. ئۇ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ بىر يەرگە بارغاندا، ئالدىغا: «بۇ يەرگە قەدەم باسقانلار سېرىق هەرىگە يەم بولىدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان تاختاي ئۈچراپتۇ. ئۇ تاختاينى ئۈرۈپ چېقىۋېتىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا كەپتەردەك - كەپتەردەك چوڭلۇقتىكى بىر توپ سېرىق هەرە يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ. زېرەك ئېلىشىشقا تەييار بولۇپ تۇرغاندا، نار تۆگە زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي ئىگەم، ئۇلار بىلەن ئېلىشقىلى بولمايدۇ. مېنىڭ قورسىقىمنى يېرىپ ئۇلارغا يەم قىلىپ بېرىپ يولۇڭغا راۋان بولغىن، — دەپتۇ. زېرەك تۆگىنىڭ قورسىقىغا قىلىچ ئۈرۈپتۇ. هەرىلەر قان هىدىنى پۇراپ تۆگىگە ئېتىلىپتۇ. زېرەك هەرىلەردىن تىنچ - ئامان قۇتۇلۇپ يولىنى داۋام قىپتۇ.

ئۇ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ بېغىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ تۇزلۇق قاپاقتەك ئولتۇرغان مومايىنى كۆرۈپ سالام بېرىپتۇ. موماي بېشىنى كۆتۈرمەي:

— ئەگەر سالىمىڭ بولمىغان بولسا، بىر تىنىقتا يۇتاتتىم. سەن بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. زېرەك كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپ:

— باغنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرسىلە، — دەپتۇ. يالماۋۇز:

— مانا، ئۆزۈڭ ئېچىۋال، — دەپ قىرىق بىر تال ئاچ-



قۇچنى تاشلاپ بېرىپتۇ.
زىرەك يەردىن ئاچقۇچنى
ئېلىش ئۈچۈن قولىنى
سوزۇشىغا، يالماۋۇز بىر
سىلكىنىپ ئەسلىي سى-
ياقىغا ئۆزگىرىپ زىرەك-
نىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:
— سەن مېنىڭ قو-
لۇمدىن قۇتۇلۇپ چىقا-
لىساڭ يالغۇز قاپاقنى بېرىمەن، بولمىسا جېنىڭنى ئالىمەن، — دەپ زىرەكنىڭ قولىنى سىقىپتۇ. زىرەكنىڭ بىلىكى قاراسلاپ، پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپتۇ. زىرەك ئازابقا چىدىماي بوش تۇرغان قولى بىلەن يېنىدىن قىلىچنى سۇغۇرۇۋېلىپ يالماۋۇزنىڭ قولىنى چېپىپتۇ. يالماۋۇزنىڭ قولى ئۈزۈلۈپ چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەپتۇ. يالماۋۇز شۇ هامان زىرەككە ئېتىلىپتۇ. زىرەك يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. زىرەك يەتتە كۈندە يالماۋۇزنىڭ ئالتە بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. يالماۋۇزنىڭ بىر بېشى قالغاندا، زىرەك ئوقياسىنى ئېلىپ يالماۋۇزنى نىشانلاپ ئېتىپتۇ. يالماۋۇز ئاخىر ئۆلۈپتۇ. زىرەك قىرىق بىر تال ئاچقۇچنى ئېلىپ باغنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپتۇ. ئۇ باغ ئىچىدىكى دەرۋازىغا يېقىن بېرىشىغا، ئىككى دېۋە پەيدا بولۇپ:

— ئەي مەرد يىگىت، بىزنى ئازاد قىلىۋەتسەڭ، — دەپتۇ.

زىرەك ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىغا زەنجىر - كىشەن سېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىلەر بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپ-

تۇ. ئۇلار:

— يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىزنى تۇتۇپ كېلىپ مۇشۇ دەرۋازىنى ساقلاشقا بەند قىلىۋەتكەن. بىزنى زەنجىر - كىشەندىن ئازاد قىلىۋەتسەڭ، سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭغا جاۋاب قايتۇرساق، — دەپتۇ.

زېرەك دىۋىلەرنىڭ پۇت - قولىدىكى زەنجىر - كىشەنلەرنى ئېلىپ تاشلاپ:

— سىلەر ئادەمزاتقا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىككە ۋەدە بېرىپ، ئۆز ماكانىڭلارغا قايتىڭلار، — دەپتۇ. دىۋىلەر:

— ئەگەر بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ، بىزگە موھتاج بولغاندا چېچىمىزنى كۆيدۈرسەڭ بىز تەييار بولىمىز، — دەپ، بىرى بىر تۇتامدىن چېچىنى يۇلۇپ بېرىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

زېرەك يەتتە دەرۋازىدىن كىرىپ قولىدىكى ئاچقۇچ بىلەن بىرىنچى ئۆينى ئېچىپتۇ. قارىسا تىلسىم قازان قايناپ، شىپالىق دورا قاپاققا چۈشۈۋاتقانىكەن. ئۇ قاپاق توشقاندا قاپاقنى ئېلىۋاپتۇ، شۇ ھامان قازان قايناشتىن توختاپتۇ. ئۇ ئىككى ئاكىسىنى ئىزدەپ باشقا ئۆيلەرنى بىر - بىرلەپ ئېچىپتۇ. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ئادەم بار ئىكەن، ئىشىك ئېچىلىشىلا ئۆيدىكى ئادەملەر تەڭلا:

— مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز، — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

زېرەك ھەممە ئۆيدىكى ئادەملەرنى ئازاد قىلىۋېتىپتۇ. ئەڭ ئاخىردا ئىككى ئاكىسىنى تېپىپ كۆرۈشۈپ ئەھۋاللىشىپتۇ. زېرەك ئاكىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، باشقا ئادەملەردىن:

— سىلەر نەدىن كەلگەن ئادەملەر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار:

— ئەي پالۋان يىگىت، بۇ چۆل - جەزىرىدىكى باغ ئەسلىي بىر كاتتا شەھەر ئىدى. بۇ شەھەرنى شەھرى خەربەر، دەپ ئاتايتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەھەر پادىشاھىنىڭ يالغۇز قىزىنىڭ قولى تۇتماس، پۇتى باسماس بولۇپ قالدى. پۈتۈن يۇرتتىكى تېۋىپلار قىزنىڭ كېسىلىگە داۋا تاپالمىدى. ئاخىر پادىشاھ: «كىم قىزىمنىڭ كېسىلىنى ساقايتسا، شەھەرنىڭ يېرىمىنى بېرىمەن» دەپ جاكارلىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ يالماۋۇز موماي پەيدا بولۇپ پادىشاھنىڭ قىزىنى داۋالاپ ساقايتتى. پادىشاھ لەۋزىدە تۇرۇپ شەھەرنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بەردى. موماي شەھەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، ھەر ۋاخلىق تامىقىغا بىر ئادەمنى يېيىشكە باشلىدى، ئاخىر پادىشاھنىڭ قىزىنىمۇ يەپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەر خانىۋەيران بولدى. سىز ئۇ يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ بىزنى بالا - قازادىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز. سىز بىزگە پادىشاھ بولۇپ بۇ شەھەرنى قايتا قۇرۇڭ، — دەپ زېرەكنىڭ ئايىغىغا ئۆزلىرىنى ئېتىشىپتۇ. زېرەك ئۇلارنى ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزۇپ:

— مەن سىلەرگە پادىشاھ بولغىلى ئەمەس، ئانامنىڭ كۆزىگە شىپالىق دورا ئىزدەپ كەتكەن ئىككى ئاكامنى ئىزدەپ كەلگەن. مەن ئىككى ئاكامنىمۇ، ئانامنىڭ كۆزىگە شىپا بولىدىغان دورىنىمۇ تاپتىم. ئەمدى بىز ئۆز شەھىرىمىزگە بېرىپ ئانىمىزنىڭ كۆزىنى ئاچقاندىن كېيىن، ئانىمىزنى ئېلىپ بۇ يەرگە كېلىمىز، شۇ چاغدا سىلەرگە پادىشاھ بولسام، — دەپتۇ. ئۇلار:

— ئەي مەرد يىگىت، ئانىڭىزنى بىز يۇدۇپ ئەكېلەيلى، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇ چاغدا زېرەكنىڭ ئېسىگە ئۆزى قويۇۋەتكەن ئىككى دىۋە كەپتۇ. ئۇ دىۋىلەر بەرگەن چاچتىن بىر تالنى

كۆيدۈرگەنكەن، دىۋىلەر غارقىراپ ئۇچۇپ كەپتۇ. دىۋىلەر زىې-رەكنىڭ ئايغىغا باش قويۇپ:

— ئەي مەرد يىگىت، نىمە تاپشۇرۇقىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. زىېرەك دىۋىلەرگە:

— سىلەر مىنىڭ شەھىرىمگە بىرىپ، ئانام بىلەن ئىككى ئاكامنىڭ خوتۇن - باللىرىنى ئىلىپ كىلىڭلار، — دەپتۇ.

دىۋىلەر زىېرەكنىڭ شەھىرىگە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كىيىن ئىككى دىۋە زىېرەكنىڭ ئانىسى، ئىككى ئاكىسىنىڭ خوتۇن - باللىرىنى ئىلىپ قايتىپ كەپتۇ. زىېرەك قاپاقتىكى شىپالىق دورا بىلەن ئانىسىنىڭ كۆزىنى يۇيۇپتۇ، ئانىسىنىڭ كۆزى ئىچىلىپتۇ. ئانا يورۇق دۇنيانى قايتا كۆرگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ، ئوغۇللىرىنى باغرىغا بىسىپتۇ.

زىېرەك پادىشاھ بولۇپ تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. ئىككى ئاكىسىنى ئوڭ قول ۋە سول قول ۋەزىر قىلىپ، شەھرى خەربەرنى قايتا قۇرۇشقا بەل باغلاپتۇ. شەھەرنى ياخشى باشقۇرغاچقا، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شەھرى خەربەردە ھايات قايناشقا باشلاپتۇ. بازارلاردا سودا قىزىپ، دوقمۇش - دوقمۇشلاردىن ناخشا - سازنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەيدىغان بوپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە زىېرەك بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر ساھىبجامال قىز بىردە رەڭگارەڭ گۈللەر ئارىسىدا پەرۋاز قىلىپ، جانان چىنىدىن ئاۋاز چىققاندەك كۈلۈپ يۈرسە، بىردە يىلان - چايانلارنىڭ ئارىسىدا قىلىپ، بىردە، ئەجدىھانىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قىلىپ، قولىنى زىېرەككە سۇنۇپ زار - زار يىغلارمىش. زىېرەك ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋالىمەن، دەپ قول سۇنۇپ ئويغىنىپ كىتىپتۇ. زىېرەك بۇ چۈشنى ئۇدا ئۈچ كىچە كۆرۈپتۇ. تۆتىنچى كىچىسى يەنە شۇ چۈشنى كۆرۈپ، چۈشىدىكى مەلىكىدىن:

— ئەي دىلبەر، سەن قايسى باغنىڭ رەناسى، سېنى قايسى باغدىن تاپىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:

— مەن دىليار شەھىرىنىڭ مەلىكىسى، دىل كۆيەر جانانىنىڭ رەناسىمەن. مېنى ئىزدىسىڭىز جەبىر - مۇشەققەت چۆلىدىن تاپارسىز، — دەپ، ئەجدىھانىڭ چاڭگىلىدا تۇرۇپ قولىنى سۇنۇپ زار - زار يىغلاپتۇ. زېرەك مەلىكىنىڭ يىغىسىغا تاقەت قىلالماي، ئۇنى چاقىرىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ زېرەكنىڭ چىرايى ئېچىلماي، گېلىدىن تاماق ئۆتمەپتۇ. زېرەكنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ئىككى ئاكىسى:

— ئەي ئۇكام، ھەپتە كۈن بولدى، چىرايىڭ ئېچىلمايدۇ، كۆڭلۈڭگە نېمە مالامەت يەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ. زېرەك ئاكىلىرىغا كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— ئەي ئاكىلار، بۇ گەپلەرنى سىلەرگە دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ، لېكىن چۈشۈمدە كۆرگەن ئاشۇ مەلىكىنى تېپىپ كەلمىسەم بولمايدۇ، — دەپتۇ.

دانا بىلەن نادان ئارتۇق گەپ قىلماي رازىلىق بېرىپتۇ. زېرەك سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، يولغا چىقىش ئالدىدا، ئۆزى ئۆلتۈرۈۋاتقان تەختىنىڭ ئىككى يېنىغا ئىككى تال ئالتۇن زىخنى سانجىپ قويۇپ:

— ئەي ئاكىلىرىم، سىلەر مۇشۇ زىخلارنى ئوبدان كۆزدىتىڭلار. ئۇلۇق تەرەپتىكى زىختىن سۇ تامسا، ئىنىڭىز ساق - سالامەت ئىكەن، دەپ خاتىرجەم بولۇڭلار، سول تەرەپتىكىسىدىن قان تامسا، ئىنىڭىز خەتەرگە ئۇچراپتۇ، دەپ مېنى ئىزدەپ دەرھال دىليار شەھىرىگە بېرىڭلار، — دەپ يولغا چىقىپتۇ.

زېرەك نۇرغۇن چۆل - جەزىرىلەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ، كۆپ جەبىر - جاپا چېكىپ دىليار شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ-

تۇ. زېرەك شەھەردىكى ھەممە ئادەمنىڭ ماتەم تونى كىيىشكە-
نىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپتۇ. ئۇ بىر بوۋايغا سالام بېرىپ:

— ئەي بوۋا، بۇ ئادەملەر نېمىگە ماتەم تونى كىيىۋالدى؟ —
دەپ سوراپتۇ. بوۋاي زېرەكنىڭ ئۈستۈبېشىغا قاراپ:

— ئەي ئوغلۇم، سەن بۇ شەھەرلىك ئەمەس ئوخشايسەن. بۇ شەھەرگە قىرىق كۈن ئىلگىرى بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قالدى. ئەجدىھا پادىشاھنىڭ چارباغدا سەيلە قىلىۋاتقان قىزىنى تۇتۇۋالدى. ئەجدىھا مەلىكىنى ئۇچار قۇشمۇ چىقالمايدىغان تاغنىڭ ئۈستىگە ئاچىقىپ قەپەسكە سولاپ قويۇپ، كۈندە كې-لىپ پادىشاھقا تەھدىت سېلىپ بىر قىزنى تۇتۇپ كېتىدۇ. پادىشاھ قارشىلىق كۆرسەتسە، ئېغىزىدىن ئوت پۈركۈپ شە-ھەرنى كۆيدۈرىدۇ. پادىشاھمۇ ئىلاج قىلالمىدى يا بىرەر مەرد پالۋان چىقىپ ئەجدىھانى يوقاتمىدى، شۇڭا ھەممە كىشى غەم - قايغۇدا قېلىپ، ماتەم تونى كىيىشتى، — دەپتۇ. زېرەك بوۋايدىن:

— ئاشۇ ئەجدىھا قايسى تەرەپتە؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي ئەجدىھا بار تەرەپنى كۆرسىتىپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

زېرەك يەتتە كۈن يول يۈرۈپ بوۋاي ئېيتقان تاغ تۈۋىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ تاغ ناھايىتى ئېگىز بولغاچقا، زېرەك ھەرقانچە قىلىپمۇ تاغقا چىقالماپتۇ. ئۇ ئاخىر ئىلاج قىلالماي دېۋىلەرنىڭ چېچىنى كۆيدۈرۈپتۇ. دېۋىلەر شۇ زامات ئالدىدا پەيدا بولۇپ:

— ئەي مەرد يىگىت، نېمە ھاجىتىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. زېرەك ئەھۋالنى ئېيتىپ:

— مېنى مۇشۇ تاغ ئۈستىگە ئاچىقىپ قويۇڭلار ! — دەپتۇ. دېۋىلەر زېرەكنى تاغ ئۈستىگە ئاچىقىپ قويۇپتۇ. زې-رەك كۆپ ئىزدىمەيلا بىر ئۆينى تېپىپتۇ. ئۇ ئۆينىڭ يا ئىد-

شىكى، يا روجىكى يوق ئىكەن، ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە كىچىك-كىنە بىر تۈڭلۈك بار ئىكەن. زېرەك تۈڭلۈكتىن قاراپ، ئىچىدە بىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ:

— كىم سەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۆي ئىچىدىن:

— ئۆزىڭىز كىم؟ ئادەم بولسىڭىز جېنىڭىزنى ئېلىپ قېچىڭ، ئەجدىھا كېلىپ قالسا تىرىك قالمايسىز، — دېگەن قىز بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. زېرەك تۈڭلۈكتىن قىزنى ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن، بېلىدىكى يەتتە غۇلاچ كەمىرىنى يېشىپ ئۆي ئىچىگە تاشلاپ بېرىپتۇ. قىز بەلۋاغنى بېلىگە باغلاپتۇ، زېرەك قىزنى تارتىپ چىقىرىپتۇ. ئۇ چۈشىدە كۆر-گەن قىز ئىكەن. ئۇ قىزنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ يۈ-رىكى يايراپ كېتىپتۇ - دە، قىزغا سالام بېرىپ:

— ئەي مەلىكە، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە:

— مەن دىلىيار شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى دىلسۇز بولىمەن، سىز ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپتۇ. زېرەك ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئاندىن:

— ئەي مەلىكەم، مەن سىزنى چۈشۈمدە كۆرۈپ ئاشىق بولغان. سىزنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىڭىزنى بىلىپ قۇتۇلدۇرغىلى كەلدىم، — دەپ، چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— ئەي مەرد يىگىت، مەن بۇ يەردىن كەتكەن بىلەنمۇ ئەجدىھانىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايمەن. ياخشىسى، سىز جې-نىڭىزغا زامىن بولماڭ، بۇ يەردىن تېز كېتىۋېلىڭ، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. زېرەك:

— ئەي مەلىكە، مەن سىزنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، ئەج-دىھانىمۇ تىرىك قويمايمەن. قېنى ئېيتىڭا، ئەجدىھا قاچان



كېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
مەلىكە:

— ئەجدىھا مەن كۆلسەم كېلىدۇ، يىغلىسام كېتىدۇ، — دەپتۇ.

— قېنى كۈلۈڭ، ئەجدىھا كەلسۇن، ئەجدىھادىن تېزرەك قۇتۇلۇپ، بۇ يەردىن كېتەيلى، — دەپتۇ زېرەك.

مەلىكە شۇنداق كۈلۈپتۇكى، ئۇنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلىغان بۇلبۇللار سايراشتىن توختاپتۇ. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن زېرەك جىسمىغا كۈچ - قۇۋۋەت يىغىپتۇ. ئۇ ئوقياسىنى ئېلىپ قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپتۇ. قىزنىڭ كۈلكىسى توختىشى بىلەن ئەجدىھا گۈركىرەپ يېتىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن يەر - جاھان تىترەپ كېتىپتۇ. زېرەك ئەجدىھانىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئۇ تاغدا، بېشىنىڭ بۇ تاغدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئەجدىھا زېرەكنى كۆرۈپ:

— سەن كىم، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. زېرەك:

— مەن سېنىڭ جاجاڭنى بەرگىلى كەلگەن ئادەم ! — دەپتۇ. ئەجدىھا قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— سەن مېنىڭ تىرنىقىمچىلىك تۇرۇپ مېنى قانداق يوقىتىسەن؟ ! قېنى، مەن سېنىڭ كارامىتىڭنى كۆرەي، — دەپتۇ. زېرەك ئوقياسىنى ئېلىپ:

— بۇ مەلىكىنى تۇتقىنىڭنىڭ جاجىسى بولسۇن، — دەپ

بىر ئوق ئۇزۇپتۇ. ئوق ئەجدىھانىڭ ئوڭ تەرىپىگە تېگىپتۇ. ئەجدىھا بىر تولغىنىپ:

— يەنە باشقا كارامىتىڭ بارمۇ؟ — دەپتۇ. زىرەك يەنە بىر ئوقنى تەييارلاپ:

— بۇ بىگۇناھ ئۆلگەن قىزلار ئۈچۈن، — دەپ ئېتىپتۇ. ئوق ئەجدىھانىڭ يەنە بىر تەرىپىگە تېگىپتۇ. ئەجدىھا تولغىنىپ:

— يەنە نېمە كارامىتىڭ بار؟ — دەپتۇ. زىرەك يەنە:

— بۇ ئۆزۈم ئۈچۈن، — دەپ ئوق ئۇزۇپتۇ. ئوق ئەجدىھانىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تېگىپتۇ. ئەجدىھا يەنە بىر سىلكىنىۋېتىپ:

— سەن كارامىتىڭنى كۆرسىتىپ بولغان بولساڭ، مېنىڭ دەم تارتىشىمنى كۆر، — دەپ بىر سۈمۈرگەنىكەن، زىرەك غازاڭدەك ئۇچۇپ ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، قىلىچىنى چىقىرىپ مەيدىسىگە توغرا تۇتۇۋاپتۇ. ئەجدىھا شۇنداق سۈمۈرۈپتۇكى، بىر سۈمۈرۈشتە زىرەك ئەجدىھانىڭ ئېغىزىدىن كىرىپ، قۇيرۇقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەجدىھا بىر سىلكىنىپ ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ، ئەجدىھانىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. مەلىكە زىرەكنىڭ پالۋانلىقىدىن سۆيۈنۈپتۇ. مەلىكە زىرەككە:

— بىز بۇ تاغدىن قانداق چۈشىمىز؟ — دەپتۇ.

زىرەك قىلىچى بىلەن ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن تاسما تىلىپ، بىر - بىرىگە ئۇلاپ، تاغدىن پەسكە تاشلاپتۇ. ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى يوغان قورام تاشقا باغلاپ قويۇپ، ئارغامچىغا ئېسىلىپ تاغدىن چۈشۈپتۇ. ئۇلار تاغدىن چۈشۈپ بىرئاز مېڭىشىغا قاراقچىلارغا ئۇچراپ قاپتۇ. زىرەك ئۆزى يالغۇز بىر توپ قاراقچىلار بىلەن يەتتە كېچە - كۈندۈز ئې-

لىشىپ، يەتتە يېرى يارىلىنىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ قاراقچىلارنىڭ بىر ئېتىنى تۇتۇپ، مەلىكە دىلسۇزنى ئاتقا مىندۇرۇپ:

— خەير مەلىكە، جېنىڭىزنىڭ ئامالىنى قىلىڭ، ھايات بولساق كۆرۈشەرمىز، — دەپ ئاتقا بىر قامچا ساپتۇ. ئات بىرلا يۇلقۇنۇپ، قورشاپ تۇرغان قاراقچىلارنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

زېرەك قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. قاراقچىلار زېرەكنى زىندانغا سولاپ قويۇپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مەلىكە دىلسۇزدىن ئىشىتەيلى:

مەلىكە قاراقچىلارنىڭ ئارىسىدىن بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇدۇل دىليار شەھىرىگە كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى ئاتىسىغا سۆزلەپ بېرىپ:

— دەرھال ئاشۇ مەرد يىگىتكە ياردەم بېرىڭ، بولمىسا ئۇ قاراقچىلارنىڭ قولىدا بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىدۇ، — دەپ يىغلاپتۇ. لېكىن، پادشاھ قىزىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنمەي:

— مېنىڭ ئىككى مىڭ لەشكىرىم تەڭ كېلەلمىگەن ئەجدىھانى بىر ئادەم قانداق يوقاتسۇن؟ سەن ئۇ يەردىن قېچىپ كېلىپ پۇتۇن شەھەرنى ۋەيران قىلىدىغان بولدۇڭ. ئەجدىھا كەلگۈچە سېنى سولاپ قوياي، ئەجدىھا كەلگەندە چىقىرىپ بەرمىسەم بولمايدۇ، — دەپ مەلىكىنى سولاپ قويۇپتۇ. مەلىكە زار-زار يىغلىغان بولسىمۇ، پادشاھ پەرۋا قىلماپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى زېرەكنىڭ ئىككى ئاكىسى دانا بىلەن تاداندىن ئىشىتەيلى:

ئۇلار زېرەك سەپەرگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يۇرتنى ئادىللىق بىلەن ياخشى باشقۇرۇپتۇ ھەم تەختنىڭ ئىككى يېنىغا سانجىپ قويغان ئالتۇن زىخقا ياخشى قاراپتۇ. ئۇلار نۆۋەتلىشىپ زىخلارنى دائىم كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بى-

رىدە تەختىنىڭ سول يېنىغا سانجىلغان ئالتۇن زىختىن قان تامچىلاپتۇ. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ: «ئىنىمىز خەتەرگە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ، دەرھال ياردەمگە بارمىساق بولمايدۇ» دېيىشىپ، نۇرغۇن لەشكەرلەرنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ دىليار شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ قىزىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، قىزىنى سولاقتىن بوشىتىپ:

— ئۇ مەرد يىگىتنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى مۇشۇ قىزىم بىلىدۇ. بۇ سىلەرگە يول باشلاپ بارسۇن، — دەپ مە-لىكىنى ئۇلارغا قوشۇپ قويۇپتۇ.

مەلىكە دانا بىلەن تادانىنى قاراقچىلار ماكانىغا باشلاپ بې-رىپتۇ. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى يەر چىشلىتىپ، زېرەكنى زىنداندىن چىقىرىپتۇ. ئۇلار قۇ-چاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ ۋە دىليار شەھىرىگە قايتىپ كەپتۇ. دىليار شەھىرىنىڭ پادىشاھى قىزى ۋە زېرەكتىن ئەپۇ سوراپ-تۇ ھەم مەلىكە بىلەن زېرەكنىڭ تويىنى قىلىشقا پەرمان چۈشۈرۈپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. زې-رەك بىلەن مەلىكە دىلسۇز ۋىسال تېپىپتۇ.

توي بولۇپ قىرىق كۈندىن كېيىن زېرەك دىليار شەھە-رىنىڭ پادىشاھىدىن خەربەر شەھىرىگە كېتىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ رۇخسەت قىپتۇ. زېرەك، مەلىكە، دانا، تادانلار ئۆز شەھىرىگە داغدۇغا بىلەن قايتىپ كەپتۇ. شۇنىڭ-دىن كېيىن ئۇلار خەربەر شەھىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئادىل-لىق بىلەن يۇرت سوراپ، ئەل - يۇرتنى خاتىرجەم قىپتۇ.

# ئەينەك تاغ

بۇرۇنقى زاماندا ئەخمەت شاھ دېگەن خەلقپەرۋەر، ئادىل بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ نەمدۇل، ھەمدۇل، نەۋۇل، نەھىم ئىسىملىك تۆت ئوغلى بار ئىكەن. ئۇلار پەقەت بىر ياشتىنلا پەرق قىلىدىكەن. ئۇلار ئون ئىككى ياشقا كىر- گۈچە ئىلىم ھېكمەت ۋە ھەربىي ماھارەتتە كامالەتكە يېتىپ- تۇ. پادىشاھ ئوۋغا چىققاندا بالىلىرىنى بىللە ئېلىپ چىقىدى- كەن. شاھزادىلەر دادىسىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ، ئوۋ قىلىشنىمۇ ئۆگىنىپتۇ. بىر كۈنى چوڭ شاھزادە نەمدۇل ئۈچ قېرىندى- شىنى بىر يەرگە يىغىپ:

— ئۇكىلىرىم، بىز چوڭ بولدۇق، ئەمدى دادىمىزغا ئە- گىشىپ يۈرۈۋەرمەي، ئۆز ئالدىمىزغا ئوۋ ئوۋلاپ كېلەيلى، قانداق دەيسىلەر؟ — دەپتۇ. ئۇكىلىرى ئاكىسىنىڭ دېگىنىنى توغرا تېپىپتۇ. تۆت ئوغۇل بىرلىكتە شاھ ھۇزۇرىغا كىرىپ، دادىسىغا سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ. جاۋاب سالامدىن كېيىن، شاھزادە نەمدۇل دادىسىغا قايتا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:

— شاھ ئاتا، بىز تۆتىمىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىز- گە ئەگىشىپ ئوۋ قىلدۇق. ئەمدى بىزدە ئۆز ئالدىمىزغا ئوۋ ئوۋلاپ كەلسەك، دېگەن ئىستەك تۇغۇلدى. بۇ ئارزۇيىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئىجازىتىڭىزگە باغلىق، — دەپ قول قو-

ۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بالىلىرىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلۇق بىلىپ، كۆڭلىدە، باللار چوڭ بوپتۇ، بۇلار چېنىقىشى، ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى زۆرۈر، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇلار يالغۇز ئەمەس، بارسا بارسۇن، دەپ ئويلاپ:

— بالىلىرىم، تىلىكىڭلارغا ئاساسەن ئوۋغا چىقىشىڭلارغا رۇخسەت قىلىمەن، لېكىن ئۈچ كۈندىن قالماي قايتىپ كېلىڭلار، ئەگەر ئۈچ كۈن ئىچىدە قايتىپ كەلمىسەڭلار، ئارقاڭلاردىن ئىزدەپ چىقىشقا مەجبۇر بولىمەن. داداڭلارنى، ئاناڭلارنى ئىنتىزار قىلماڭلار، ئەندىشىگە سالماڭلار، — دەپتۇ. شاھزادىلەر خۇشال بولۇشۇپ، دادىسىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. پادىشاھ ئوغۇللىرىغا يەنە ئون ئالتە چەۋەندازنى قوشۇپ بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يىگىرمە ئاتلىق ئوۋچى يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، لېكىن ھەممە جان - جانىۋارلارنى يەر يۇتۇپ كەتكەندەك، ئوۋ قىلغۇدەك بىرەر نەرسە ئۇچرىماپتۇ. ئۇلار دەشت - چۆللەرنى كېزىپ، خېلى يىراققا كېتىپ قاپتۇ، ئارىدىن توققۇز كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئوزۇق - تۈلۈكمۇ تۈگەپتۇ. بىر چاغدا ئۇلار كۆپكۆك، پارقىراق، ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇنداق يەرنى كۆرۈپ باقمىغاچقا ھەيران بولۇشۇپتۇ. پەستە ياپيېشىل بىر ئوتلاق يەلپۈنۈپ تۇرغانىكەن، ئاتلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ شۇ ئوتلاققا قويۇۋېتىپتۇ. ئاچلىق ۋە يول ئازابى دەستىدىن ھالىدىن كەتكەن يىگىتلەر كۆپكۆك يەرنىڭ ئۈستىگە يېتىشى بىلەنلا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. كەنجى شاھزادە نەھىم چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە شۇنداق ئىش كۆرۈپتۇ: ئۇ شۇنداق يەرگە قارىسا، كۈن دېسە كۆزى بار، ئاي دېسە ئاغزى بار، سۈرەتتەك چىرايلىق بىر قىز ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغۇدەك. قىز نەھىمگە خۇشخۇيلۇق بىلەن سالام بېرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپتۇ. نەھىم ئىسمىنى ئېيتىپ

بېرىپتۇ. قىز: «قېنى، كۆرۈشەيلى» دەپ قولىنى ئۇزىتىپتۇ. نە-
ھىم قولىنى قىز تەرەپكە سوزۇشى بىلەن قولى يەرگە تېگىپتۇ.
قىز قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى ئال-
تۇن قوڭغۇراقتەك ياڭراپ كېتىپتۇ. نەھىم چۆچۈپ كۆزىنى
ئاچسا چۈشى ئىكەن. ئۇ دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ ئەتراپقا كۆز
يۈگۈرتۈپتۇ، بىر ئاسمانغا، بىر يەرگە قاراپتۇ، شۇ چاغدا يەردە
ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، بۇ يەرنىڭ ئەينەك تاغ ئىكەنلىكىنى
بىلىپ، ئاسمان ئەينەكتە ئەكس ئەتمەكتە، دەپ ئويلاپتۇ. چۈشى-
دە كۆرگەن قىز كۆز ئالدىدا غۇۋا نامايان بوپتۇ. مەن بىر سا-
ھىبجامالنىڭ شولىسىنى كۆرۈپتىمەن، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ بۇ سىرنى ئاچماقچى بولۇپ، يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر
سېپتۇ. نېرىدا بىر تۈپ دەرەخ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ باشقىلارنى ئويغات-
ماي، بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.
بۇ بىر تۈپ ياش چىنار ئىكەن. قارىسا، چىنارنىڭ غولىدا:
«شاھزادە نەھىم، ئەينەك تاغقا كەلگەندىن كېيىن پەرىزاتلار ماكا-
نىنى كۆرمەي كەتمەڭ !» دېگەن خەت يېزىلغان بىر تاختاي ئې-
سىقلىق تۇرغۇدەك. نەھىم بۇنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ، شۇ چاغدا
چۈشىدە كۆرگەن قىز يەنە كۆز ئالدىدا جىلۋىلىنىپتۇ، كۆڭلىدە
شۇ قىزنى ئىزدەپ تېپىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ، ئاكىلىرىغا تۇي-
دۇرماي، ئېتىنىمۇ ئالماي، ياياق پېتىچە تاختاينى ئېلىپ يولغا
راۋان بوپتۇ. ئۇ بىر كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپتۇ، ئاخىر دەرمانى-
دىن كېتىپ، بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئولتۇرۇپ كۆزى
ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا: «ئوغلۇم، تۇر ئورنۇڭدىن» دېگەن
سادا ئاڭلىنىپتۇ. نەھىم كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ساقىلى كۈ-
مۈشتەك ئاپئاق، نۇرانە بىر بوۋاي تۇرغۇدەك. نەھىم:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا، — دەپ سالام بېرىپتۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم، ئۆزۈڭ يالغۇز بۇ چۆلگە

قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي. نەھىم:
— ئوۋ قىلىش ئۇچۇن چىققانىدىم، ئەينەك تاغقا كەلگەندە پەرىزاتلار ماكانىغا تەكلىپ قىلىنىغان بۇ تەكلىپنامىگە يولۇقتۇم، مېنى ئۆز ماكانىغا تەكلىپ قىلغان ساھىبخانىغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىزدەپ ماڭدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بوۋاي:
— غەيرىتىڭگە بارىكاللا، ئوغلۇم، تولىمۇ قىيىن يولغا كىرىپ قاپسەن. «يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس» دېگەن گەپ بار. مەنمۇ سېنى يولۇڭدىن توسۇمايمەن. قۇلاق سال، گەپلىرىمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت: كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ مېڭىۋەرسەڭ، يوغان بىر قىزىل دەرۋازىغا يېتىسەن. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ، ئىككى تەرەپتە ئىككى باغ كۆرۈنىدۇ. سول تەرەپتىكى باغقا كىرىپ قالغۇچى بولما. ئوڭ تەرەپتىكى باغقا كىرىپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يول بىلەن ماڭساڭ، ئالدىڭغا بىر مەرمەر كۆۋرۈك ئۇچرايدۇ. كۆۋرۈكتىن ئۆتسەڭ، ئىككى تەرىپىگە مەجنۇنتال قويغان يەنە بىر يولغا چىقىسەن. شۇ يول بىلەن مېڭىۋەرسەڭ، بىر يېشىل دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ بارىسەن. بۇ سەن ئىزدىگەن پەرىزاتلارنىڭ ماكانى. بۇ يەردە قەھنۇر شاھنىڭ قىزى مەلىكە زۇنۇم پەرى تۇرىدۇ. سەن شۇ يېشىل دەرۋازىنى قاقساڭ، ئاق كىيىملىك بىر قىز چىقىپ، سەندىن: «نېمە كېرەك؟» دەپ سورايدۇ. «ماڭا زۇنۇم پەرى كېرەك» دېگىن. ئۇلار كىرىپ كېتىپ، بىرئازدىن كېيىن ئۈچ قىز چىقىدۇ. ئۇلار سەندىن: «سىزگە نېمە ئۈچۈن زۇنۇم پەرى كېرەك؟» دەپ سورايدۇ. سەن: «مەن تەكلىپكە بىنائەن پەرىزاتلار ماكانىغا زىيارەتكە كەلدىم. زۇنۇم پەرىگە رەھمەت ئېيتماقچىمەن» دېگىن. ئۇلار تەكلىپنامە يېزىلغان تاختاينى ئەكىرىپ كېتىپ، قىرىق قىز چىقىدۇ.

ئۇلار سېنى باشلاپ قەسرىگە ئېلىپ كىرىدۇ، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر مەرمەر ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىدۇ، ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن، يەرلىرىگە چىم ياتقۇزۇلغان ياپيېشىل بىر مەيدانغا چىقىسەن، مەيداننىڭ بىر تەرىپى گۈللۈك، بىر تەرىپى باغ، گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆرەك سەھنىسى بار. ئۇنىڭ نەقىشلەنگەن، تۈۋرۈكلىرىگە خىلمۇخىل نەپىس پەردە تۇتۇلغان بولۇپ، پەردىنىڭ ئىچىدىن پەرىزاتلارنىڭ بەزمە، ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل كۆرۈنۈشلىرى چۈشۈرۈلگەن تام سۈرەتلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، گۈللۈكنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا يەنە بىر يېشىل ئىشىك ئېچىلىدۇ، بوسۇغىدىن ئاتلىشىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى تام ـ تورۇسلىرى پۈتۈنلەي تاش ئەينەكتىن ياسالغان بىر ئۆيدە كۆرىسەن، ئالدىڭغا، ئارقاڭغا، ئىككى يېنىڭغا قارىساڭ، ئوخشاش تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان، چىراي ـ شەكلى بىر قېلىپتا قۇيغاندەك تۆت قىزنى كۆرىسەن. سەن كىرىپلا ئۇدۇلدا ئولتۇرغان قىزغا سالام بەر، ئۇ زۇنۇم پەرى، قالغانلىرى ئۇنىڭ ئەينەكتە ئەكس ئەتكەن سۈرىتى. مانا بۇ ساڭا مېنىڭ تۇتقان يوللۇقۇم، ــ دەپ، بىر ياغلىقتا ئورالغان نەرسە بىلەن بىر قاپاقنى بېرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ياغلىقتا بىر نان، قاپاقتا سۇ بار ئىكەن. شاھزادە ناننى يەپ، سۇنى ئىچىپتۇ، ئەمما نان بىر توغرام قالغاندا پۈتۈنلىنىپ، قاپاقتىكى سۇمۇ تولۇقلىنىپ قاپتۇ. شاھزادە، مەن خىزىرغا يولۇققان ئوخشايمەن، دەپ تولىمۇ خۇشال بوپتۇ ۋە بوۋاي كۆرسەتكەن يول بىلەن سەپىرىنى داۋام ئېتىپتۇ.

چوڭ ئوغۇللار بىلەن چەۋەندازلار ئۇخلاپتۇ، ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن قانچىلىك ئۇخلىغىنىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەپتۇ. بىر چاغدا ئاتلار كىشنىشىپ كېتىپتۇ، ئۇلار ئويغىنىپ قارىسا، ئاتلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، بىر تەرەپكە قاراپ، نېمىدىن

دۇر ئۈركۈگەندەك تۇياقلىرى بىلەن يەرنى تېپىپ، چاپچىپ
تۇرغۇدەك. شۇ ئەسنادا يىراقتىن بىر توپ بۇغا - مارال قې-
چىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆزگە چېلىقىپتۇ. يىگىتلەر ئاتلىرىنى
مىنىپ ئاتلانغۇچە، بۇغا - ماراللار كۆزدىن غايىب بوپتۇ.
ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر جۈپ يولۋاس ئىز قوغلاپ كېلىۋاتقۇ-
دەك. چەۋەندازلار ئوقيالىرى بىلەن ئىككى يولۋاسنى ئۆلتۈ-
رۈپتۇ. ئۇلار جەم بولۇپ، شازادە نەھىمىنىڭ يوقلۇقىنى سې-
زىپتۇ، ئۇياقنى ئىزدەپتۇ، بۇياقنى ئىزدەپتۇ، تاپالماپتۇ. شاھزا-
دىلەر، ئەمدى دادىمىزغا نېمە دەرمىز، دەپ پەرىشان بولۇشۇپتۇ.
ئاخىر چەۋەندازلاردىن بىرى شاھزادىلەرگە تەسەللى بېرىپ:
— خاتىرجەم بولۇڭلار، شاھزادە نەھىمنى چوقۇم تاپىد-
مىز، ئۇنى تاپماي پادىشاھنىڭ ئالدىغىمۇ بارالمايمىز. ئەمما،
شاھزادىنى ئىزدەش ئۈچۈن بىزدە دەرمان بولۇشى كېرەك.
قورۇق تاغار ئۆرە تۇرمىغاندەك، ئاچلىقتىن يىقىلىپ قالدۇق.
شۇڭا، بىر ئاتنى سويۇپ يەيلى، ماغدۇرىمىزغا كېلىپ شاھزادىنى
ئىزدەيلى، — دەپتۇ. بۇ مەسلىھەتنى ھەممەيلەن ماقۇل تېپىپ،
بىر ئاتنى سويۇپ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشىپتۇ، ئېشىپ



قالغىنىنى ئاتلىرىغا غانجۇغىلاپ شاھزادىنى ئىزدەشكە ئاتلىنىپتۇ. بىراق، نەچچە كۈن ئىزدىگەن بولسىمۇ شاھزادىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ئۇلار ماڭا - ماڭا بىر دۆڭلۈككە چىقىپ قارىسا، ئاسمان - پەلەك چاڭ - توزان كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىق كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار بارغانچە يېقىنلاپتۇ، قارىسا دادىسىنىڭ لەشكەرلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دادىسى ۋە ۋەزىرلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇلار كۆرۈشۈپ، پادىشاھ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، كەنجى ئوغلىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ياقىسىنى يىرتىپ زار - زار يىغلاپتۇ. ۋەزىرلەرنىڭ تەسەللىسى بىلەن غەزەپ تىغىنى غىلىپىغا سېلىپ، ئۈچ ئوغلىنى چەۋەندازلار بىلەن قوشۇپ زىندانغا مەھكۇم قىلىپ بىرقانچە ياساۋۇل بىلەن ئوردىغا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى يەنە بىر ئايغىچە ئىزدەپتۇ، ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكىنى ئالالماي ئوردىغا قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن شەھەردىكى قۇرئەندازلارنى يىغىپ قۇرئە سالدۇرۇپتۇ. قۇرئەندازلار ئىچىدىكى بىر مۇنەججىم مۇنداق دەپتۇ:

— كېرەملىك ئۇلۇغ شاھىم، بەخت مەڭگۈ سىلىگە يار، سەلتەنەت تەختلىرى مۇستەھكەم. ئول شۇڭقارلىرى ئاق قۇلار ماكانىدا سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرمەكتە. خۇدا بۇيرۇسا، ئۈچ يىلدا دىدار كۆرۈشكىلى نېسىپ بولغاي.

پادىشاھ ئۈچ يىل دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، ئوغلىنىڭ ھاياتلىقىدىن گۇمان قىپتۇ. پادىشاھ شۇ كۈندىن باشلاپ يۇرتقا نەزىر، غېرىب - غۇرۋا، يېتىم - يېسىرلارغا سەدىقە بېرىپتۇ، ئۈچ ئوغلى ۋە ئون ئالتە نۆكەردىن باشقا زىنداندا ياتقان بارلىق مەھبۇسلارنى ئازاد قىپتۇ.

ئەمدى شاھزادە نەھىمگە كەلسەك، ئۇ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ قىزىل دەرۋازىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسە،

ئىككى تەرىپى ئاسمان ـ پەلەك قوپۇرۇلغان تام بولۇپ، ئوت-تۇرىسى يول ئىكەن. شاھزادە ئەنە شۇ يول بىلەن بىر كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل قارىشىپ تۇرغان ئىككى دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. ھەر ئىككى دەرۋازىنىڭ ئىچىگە قارىسا، شۇنداق گۈزەل، ياشناپ تۇرغان باغ ئىكەنكى، ئۇنى ھەرقانداق ئادەم كۆرمەي كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن. شاھزادە بوۋاي ئېيتقان ئىككى باغ مانا مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ ئىككى باغنىڭ ئىشىكى ئوتتۇرىسىدا باغلارغا مەھلىيا بولۇپ قاراپ تۇرغاندا، سول قول تەرەپتىكى باغنىڭ ئاسمىنىدا بىر قىزىل تۇمشۇق قاغىنىڭ تىنماي: «قاق ـ قاق» قىلىپ ۋەھىمىلىك قاقىلدىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ، ئۇ-نىڭ كەينىدىن شىددەت بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقان بىر قارا قۇش كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە دەرھال ئوقيانى قارا قۇشقا چەنلەپ-تۇ. شۇ ئەسنادا قاغا، ئۇنىڭ كەينىدىن قارا قۇش سول قول تەرەپتىكى باغقا قاراپ شۇڭغۇپتۇ. باغنىڭ ئېگىز تېمى تو-سۇۋالغاچقا، شاھزادە قۇشلارنى كۆرەلمەي، سول قول تەرەپتى-كى باغنىڭ ئىشىكىگە قاراپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا بوۋاينىڭ: «سول قول تەرەپتىكى باغقا كىرىپ قالغۇچى بولما» دېگەن سۆزى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك بولۇپ كەينىگە يېنىپ، ئوڭ قول تەرەپتىكى دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىنى قېقىپ-تۇ. شۇئانلا ئاق كىيىملىك بىر قىز چىقىپ:

— نېمە كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ. نەھىم:

— ماڭا زۇنۇم پەرى كېرەك، — دەپتۇ. قىز ئۇن ـ تىنسىز كىرىپ كېتىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ئۈچ قىز چى-قىپتۇ. قىزلاردىن بىرى:

— سىزگە نېمە ئۈچۈن زۇنۇم پەرى كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ. نەھىم:

— مەن تەكلىپكە بىنائەن بۇ يەرگە زىيارەتكە كەلدىم، — دەپ، قولىدىكى خەت يېزىلغان تاختاينى قىزلارغا سۇنۇپتۇ. قىزلار تاختاينى ئەكىرىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دەرۋازا ئېچىلىپ ئارقا - ئارقىدىن قىرىق قىز چىقىپ، ئىككى تەرەپتە يىگىرمىدىن رەتكە تىزىلىپ تۇرۇپ نەھىمگە سالام بېرىپتۇ. ئۇلاردىن بىرى:

— ئەي ئەزىز مېھمان، قەسىرگە مەرھەمەت قىلغايسىز، — دەپ تەكلىپ قىپتۇ. نەھىم قەسىر ئىچىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بوۋاينىڭ ئېيتقىنىدەك مەنزىرىلەر نامايان بوپتۇ. نەھىم ئاخىر بىر ئەينەك ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆينىڭ تۆت تەرىپىدە ئوخشاشلا گۈزەل بىر قىزنىڭ سىيماسى تۇرغۇدەك. شاھزادە بوۋاينىڭ سۆزى بويىچە ئۇدۇلغا قاراپ:

— سالام، مەلىكە زۇنۇم پەرى، — دەپ قولىنى كۆكسىدگە قويۇپ، بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ.

— خۇش كېلىپسىز، ئەزىز مېھمان، قېنى، بۇياققا مەرھەمەت قىلىڭ، — دەپتۇ مەلىكە. نەھىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزغا قايتا سالام بېرىپتۇ. قىز يۇزىدىكى نېپىز چۇمبەلنى ئېلىۋېتىپ، نەھىمگە يېقىن كەپتۇ. نەھىم قىزنىڭ گۈزەل، لاتاپەتلىك ھۆسنىگە بىر بېقىپتۇ - دە، خۇدىنى يوقىتىپ يىقىلىپتۇ. قىزمۇ نەھىمگە ئۆزىنى تاشلاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا كېنىزەكلەر ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇپ، ئۇلارنى گۇل سۇيى چېچىپ ھوشىغا كەلتۇرۇپتۇ. نەھىم بىلەن زۇنۇم پەرى بىر - بىرىدىن ھال - ئەھۋال سورىشىپتۇ. ئاندىن زۇنۇم پەرى كېنىزەككە شاھزادىنى يۇيۇندۇرۇپ، خاس سەرپاي كىيىندۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ كۈن خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە كەچ بوپتۇ. شاھزادە نەھىم خاس ھۇجرىغا جايلاشتۇرۇلۇپتۇ. بۇ كېچىسى نەھىم يېتىپلا خىيال دەرياسىغا غەرق بوپتۇ. تۇۋا،

مەن ئاكىلىرىمدىن ئايرىلغىلى ئۈچ ئايدەك بولدى، ئۇلار مېنى
ئىزدەپ نېمە بولۇپ كەتكەندۇ، دادام، ئانام قانداق ھالغا چۈ-
شۈپ قالغاندۇ، بۇ يەردىن كېتەي دېسەم، زۇنۇم پەرىدىن رىش-
تىمنى ئۈزەلمىسەم، كەتمەي دېسەم، شاھ ئاتام، خانىش ئانام،
ئاكىلىرىم مېنىڭ دەردۇ پىراقىمدا تۈگىشىپ كەتسە، ئۇ
چاغدا ماڭا بۇ ھاياتلىقنىڭ نېمە كېرىكى، دېگەنلەرنى ئويلاپ،
ئاخىر زۇنۇم پەرىنى ئەكېتەي دېگەن قارارغا كەپتۇ.

بۇ كېچىسى زۇنۇم پەرىنىڭمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ.
ئۇ، دادام مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپ يەر يۈزىگە بۇ چارباغنى بىنا
قىلدۇرۇپ بەردى، مانا شاھزادە نەھىمىنىمۇ ئەكەلدىم. ئەمما،
«ئەخمەقنىڭ ئەقلى كېيىن كېلىدۇ» دېگەندەك، ئۆز ۋاقتىدا
ئاتا - ئانامغا يۈرىكىمدىكىنى نېمىشقا ئاشكارىلىمىغان بول-
غىيتتىم، ئەمدى نېمە دەرمەن، شاھزادىنى كەتسۇن دېسەم،
ئۇنىڭ پىراقىدا كۆيۈۋاتقىنىمغا ئۇزۇن بولدى، ئۇنىڭ ئۈستى-
گە، بۇ پالۋان، ۋاپادار يىگىت ئىكەن. ياق، بۇنى كەتكۈزمەي-
مەن، ئېپىنى تې-



پىپ ئاتا - ئانامغا
ئېيتىپ ئېلىپ قا-
لىمەن. ئەڭ ياخ-
شىسى، ئالدى بى-
لەن ھەر جەھەتتىن
سىناي، دېگەنلەرنى
ئويلاپتۇ. تاڭ ئې-
تىپتۇ. شاھزادە
نەھىم دېرىزىدىن
باغنى تاماشا قىلىپ
تۇرۇپ، ئاسمانغا

سەككىز ئاق قۇنىڭ قاتارلىشىپ ئۇچۇپ چىققانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇ ئەسنادا پەرى كېنىزەكلەردىن بىرى ئۇنى يۈزىنى يۇيۇۋېلىشقا تەكلىپ قىلىپ كىرىپتۇ. نەھىم كېنىزەكتىن سەككىز ئاق قۇ توغرىسىدا سوراپتۇ. پەرى:

— ئالدىدا ماڭغىنى مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى، ئىككىنچىسى باش كېنىزەك، ئۈچىنچىسى زۇنۇم پەرى، قالغانلىرى مۇھاپىزەتچىلەر. زۇنۇم پەرى دادىسى قەھنۇر شاھقا سالام بېرىش ئۈچۈن ئۈچىنچى ئاسمانغا چىقىپ كەتتى، ئاتا-ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بىر سائەتتىن كېيىن قايتىپ چۈشىدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە نەھىم يۈزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، باغنى سەيلە قىپتۇ. ئۇ گۈللۈكتە بىر گۈلنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ گۈلنى زۇنۇم پەرىگە تۇتۇش ئۈچۈن ئەمدى ئۈزۈپ تۇرۇشىغا، زۇنۇم پەرى ئاسماندىن قايتىپ چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە نەھىم گۈللۈكتىن چىقىپ كېلىپ:

— مەلىكەم، ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن. شاھ ئاتىڭىز، خانىش ئانىڭىز ساق-سالامەت، ئوبدان تۇرۇپتىمۇ؟ — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ. زۇنۇم پەرى شاھزادىگە رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئاندىن نەھىم قولىدىكى گۈلنى مەلىكىگە تۇتۇپتۇ. مەلىكە ئۆز گۈللۈكىدە بۇنداق چىرايلىق گۈلنىڭ ئېچىلغىنىدىنى كۆرمىگەنىكەن، ئۇ گۈلگە قاراپ، شاھزادىگە:

— بۇمۇ سىزنىڭ شاراپىتىڭىز، بېغىمىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلۇپتۇ، — دەپتۇ ۋە شاھزادىنى بىللە ئېلىپ زىياپەت زالىغا كىرىپتۇ. پەرىزات قىزلار ئۆز رېتى بويىچە ئولتۇرۇشۇپ غىزالىنىپتۇ، ئاندىن سازلىرىنى چېلىشىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپتۇ. زۇنۇم پەرىمۇ ئويناپتۇ. نۆۋەت شاھزادىگە كەپتۇ. بۇ چاغدا سازنى زۇنۇم پەرى چاپتۇ. شاھزادە نەھىم زۇنۇم پەرى چالغان ھەربىر پەدىگە شۇنداق كېلىشتۇ-

روپ ئويناپتۇكى، ئادەمزات ئۇسسۇلىنىڭ گۆزەللىكىدىن، مەـ نىلىكلىكىدىن پەرىلەرنىڭ ئاغزى ئىچىلىپلا قاپتۇ. ئۇلار شاھزادىنى باشلاپ باغقا ئېلىپ چىقىشىپتۇ. خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ گۇل ـ گىياھلارنى، سۇپسۈزۈك ئېقىۋاتقان سۇلارنى، تۇرلۇك قۇشلارنىڭ سۇرىتى چۇشۇرۇلۇپ نەقىشلەنگەن پېشايۋانلارنى، ھەر خىل ناۋادا سايراۋاتقان قۇشلارنى تاماشا قىلىشىپتۇ، كەچ كىرگەندە ئۆز خانىلىرىغا كىرىپ كېتىشىپتۇ. شاھزادە نەھىمنىڭ يەنە ئۇيقۇـ سى كەلمەپتۇ. ئۇ تۇرلۇك ـ تۈمەن خىياللار بىلەن تاڭنى ئاتـ قۇزۇپتۇ. ئەتىسى زۇنۇم پەرى كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شاھزادە نەھىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئەھۋال سوراپتۇ، شاھزادىمۇ زۇنۇم پەرىدىن ھال سوراپتۇ، ئاندىن ئۇلار بىرـ لىكتە زىياپەت زالىغا كىرىپتۇ. زىياپەت زالى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق زىننەتلەنگەن، داستىخاندىكى نازۇنېمەتـ لەرمۇ كۆپەيگەنىكەن، ئولتۇرۇش يەنە باشلىنىپتۇ. شاراب كەيپىدە قىزىغان زۇنۇم پەرى مۇھەببەت ئوتىدا جۇشقۇنلاۋاتقان سۆيگۇ ھېسسىياتىنى باسالماي، سازنى ئېلىپ غەزەلخانلىقتا ئۆتۈپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

سەن ئۇچۇن مەنزىل قۇرۇپ، ئەينەكتىن تاغ ياسىدىم،
ھىدلىسۇن گۇلۇمنى دەپ، يول بويىغا باغ ياسىدىم.
نە ئۇچۇندۇر كەلمىدىڭ، پىشتىم پىراقىڭدا كۆيۈپ،
ھەر نەپەس بىر يىلغا تەڭ، ھىجران بىلەن چاغ ياسىدىم.

بەخش ئېتىپ ئاخىر ۋىسال، ھىجراننى باران ئەيلىدىڭ،
جان قوشۇپ جىنىمغا ھەم دەردىمگە دەرمان ئەيلىدىڭ.
ياشنىدى بۇ ئالمىزار، ھۆسنۇڭ بىلەن، مېھرىڭ بىلەن،
بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتەي، كۆلبەمنى بوستان ئەيلىدىڭ.

شاھزادە نەھىم بۇ غەزەلنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەينەك تاغ ئەزەلدىن بار نەرسە بولماستىن، ئۇنى مەلىكە زۇنۇم پەرىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىر مەنزىل سۈپىتىدە ئاپىرىدە قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىللە ئۆتۈشكە ئىرادە باغلىغانلىقىنى چۈشىنىپ، مەلىكىگە بولغان ئىشتىياقى ئۇلغىيىپتۇ. ئۇ سازنى قولىغا ئېلىپ، سازغا تەڭكەش قىلىپ بۇ نەزمنى ئوقۇپتۇ:

ئى پەرى، كۈلۈپ بېقىپ، ئەقلىمنى ھەيران ئەيلىدىڭ،
بولدى تەن ئاتەش كەبى، قەلبىمنى گۈلخان ئەيلىدىڭ.
سايە سالدى كىرپىكىڭ بوستانى سەگىيمەن دېسەم،
چوغ سېلىپ شەھلا كۆزۈڭ، ئىشقىمنى چەندان ئەيلىدىڭ.

قاشلىرىڭ كاماندىن ئېتىپ قوشۇماڭ ئوقىنى،
باغلىغاندا قىپ ئەسىر، زۇلفۇڭنى ئارقان ئەيلىدىڭ.
جان سۆيۈندى لالىزارنىڭ ھىدىدىن خۇشبۇي ئېلىپ،
ھەم تۇتۇپ سۆيگۈ شارابى، شانۇ خەندان ئەيلىدىڭ.

زۇنۇم پەرى باشلىق بارلىق پەرىزاتلار شاھزادە نەھىمنىڭ ساز چېلىش ماھارىتىگە، خۇش ئاۋازىغا شەيدا بولۇپ، ئۇنى ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە غەزەل ئوقۇتۇپتۇ. ئولتۇرۇش ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بوپتۇ. ئۈچىنچى كۈندىكى زىياپەتتىن كېيىن، زۇنۇم پەرى پەرىزاتلارغا:

— ئەمدى سىرتتا جەڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە تەييارلىنىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. پەرىزاتلار جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ھازىرلىنىپتۇ. زۇنۇم پەرى شاھزادە نەھىمگىمۇ جەڭ كىيىمى كىيدۈرۈپ، ئۆزىمۇ جەڭ كىيىمى كىيىپ مەيدانغا بىللە

ئېلىپ چىقىپتۇ. پەرىزاتلار نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق قاتارلىق ھەر خىل جەڭ ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپتۇ. ئاخىردا مەيدانغا زۇنۇم پەرى بىلەن شاھزادە نەھىم چۈشۈپتۇ. ئۇلار تازا ماھارەت كۆرسىتىۋاتقاندا، پەرىزاتلاردىن بىرى قەھنۇر شاھنىڭ ئاسمان-دىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، مەلىكىگە خەۋەر قىپتۇ. مەلىكە دەرھال شاھزادە نەھىمنى يوشۇرۇشنى بىر كې-نىزەككە تاپشۇرۇپتۇ، ئۆزى دادىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەيداندا تۇرۇپتۇ. پادىشاھ خانىش بىلەن بىللە بىرنەچچە ۋەزىر - ئەركانلىرىنى ئېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ كېلىش سەۋەبى مۇنداق ئىكەن: زۇنۇم پەرى ھەر كۈنى ئەتىگەندە سالام بېرىش ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا چىقىدىكەن، ئەمما ئىككى كۈندىن بېرى سالامغىمۇ چىقماپتۇ. قەھنۇر شاھ ۋە خانىش ئەنسىرەپ بىر خەۋەرچىنى ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىكەن، خە-ۋەرچى چارباغقا چۈشۈپ، ئەمدى مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىغا كى-رىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، جەڭ كىيىمى كىيگەن پەرىزاتلار چى-قىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن خەۋەرچى دەرھال بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئەھۋالنى كۆزىتىپتۇ. مەيدانغا چىققانلار-نى ساناپ باقسا، مۇشۇ چارباغدا تۇرغۇچىلاردىن بىرى ئارتۇق چىقىپتۇ. ئۇ شۇ ھامان ئوردىغا قايتىپ، پادىشاھقا كۆرگەن ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قەھنۇر شاھ خانىشنى ئېلىپ قىزىنىڭ چارباغىغا يېتىپ كەپتۇ.

— قىزىم، بۇ باغنىڭ ھەممە يېرىدىن ئادەمزاتنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدىغۇ؟ — دەپتۇ قەھنۇر شاھ. زۇنۇم پەرى ساراسىمى-گە چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانىسى:

— بالام، نېمە ئىش بولغان بولسا قورقماي ئېيتىۋەر. ئۆ-لۈكنى قارغا كۆمگىلى بولمىغىنىدەك، قىيىق ئىشنىمۇ يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدۇ. «قىيىق ئىش قىرىق يىلدا بىلىنەر» دېگەن

گەپ بار ئەمەسمۇ. راستچىللىق يۈزۈڭنى يورۇق قىلىدۇ، — دەپتۇ. مەلىكە:

— ئۇلۇغ شاھ دادا، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىڭىز ئېيتىمەن، — دەپتۇ.

— قېنىمىزدىن دېگىنىڭ نېمىسى؟ سەندىن باشقا يەنە كىمنىڭ قېنىدىن كېچىمەن؟! — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بىر ئادەم بار، — دەپتۇ مەلىكە مىڭ تەستە. قەھنۇر شاھ قىزىنىڭ كۆزىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈ-لۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— كەچتىم، قېنى ئۇ ئادەم؟ — دەپتۇ. مەلىكە يوشۇرۇپ قويغان جايدىن شاھزادە نەھىمنى باشلاپ كېلىپ دادىسىغا توغرا قىپتۇ.

— كېرەملىك شاھ ئاتا، مانا مۇشۇ ئادەم، غەمخورلۇق قىلغايسىز، — دەپتۇ. شاھزادە نەھىم قەھنۇر شاھقا ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپتۇ ۋە شاھنىڭ پېشىنى كۆزىگە سۈرتۈپتۇ. قەھنۇر شاھ شاھزادە نەھىمنىڭ قەددى - قامىتىگە، چىرايى-لىقلىقىغا ھەيران قاپتۇ. ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلۇق، ئەدەپلىك ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ، بۇ ئاددىي ئادەملەردىن ئەمەستەك قى-لىدۇ، دەپ ئويلاپ، قىزىنىڭ ھەرەمخانىسىغا باشلاپ كىرىپ سۆھبەتلىشىپتۇ. سۆزلەشكەنسېرى پادىشاھنىڭ چىرايى ئېچى-لىپ، شاھزادىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇرۇپ: «ئى خۇدا، مې-نىڭمۇ مۇشۇنداق بىر ئوغلۇم بولغان بولسا» دېگەن سۆزنىڭ قانداقلارچە ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قاپتۇ. دادىسىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق گەپ چىقىشى بىلەن زۇ-نۇم پەرى:

— ئەي پۈتۈن ئاسمان پەرىزاتلىرىنىڭ باشپاناھى، قىبى-لىگاھىم دادا، مېنى ئەپۇ قىلىپ، بۇ يىگىتنى ئېلىپ قالسى-

كىز، — دەپتۇ پەرىلەر زۇۋانىدا ئىلتىجا قىلىپ. ئانىسى:
— قىزىم، ئادەمزات بىۋاپا كېلىدۇ، سەن ھەرقانداق خام خىيالدا بولما، — دەپتۇ. شاھزادە نەھىم بولارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئۇقالماي، بىردە شاھقا، بىردە خانىشقا، كىم گەپ قىلسا شۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. شاھزادىنىڭ بۇنىڭدىن بىرئاز بىئاراملىق ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن قەھنۇر شاھ شاھزادىگە:
— بىز كېيىن يەنە سۆزلىشەيلى، — دەپ ئۇنى ئۆز خانىسىغا چىقىرىۋېتىپتۇ. زۇنۇم پەرى ئاتا - ئانىسىغا:
— بۇزرۇكۋارىم ئاتا، مېھرىبانىم ئانا، مەن تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە سىلەرنىڭ سىزىقىڭلاردىن چىقمىدىم. مېنىڭ سىلەردىن بىر نەپەسمۇ ئايرىلىپ يەر يۈزىدە تۇرغۇم يوق. بىراق، ئۇزۇندىن بېرى سىلەردىن يوشۇرۇپ كەلگەن بىر سىرىم بار ئىدى، قىزلىق نومۇسۇم تۈپەيلى بۇ سىرنى ئاشكارىلاشقا خىجىل بولغانىدىم، ئەمدى ئېيتمىسام بولمايدىغان بولدى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئون تۆت ياشقا تولغان كۈنۈمنى يەر يۈزىدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كېنىزەكلىرىمنى ئېلىپ چۈشكىنىمدە، بۇ يىگىتنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ يىگىت ئادەمزات دۇنياسىدىكى بىر پادىشاھنىڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسى بىلەن شىكارغا چىقىپ، ئۆزى ئايرىم ئوۋ قىلىپ يۈرگەنىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ يىگىتكە ئاشىقى بىقارار بولدۇم. بۇ ئەسنادا بۇ يىگىتكە دىۋىلەرنىڭ ھۇجۇم قىلماق بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم - دە، ئۇنىڭغا خېيىمخەتەر يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كېنىزەكلىرىم بىلەن بىللە دىۋىلەرگە قارشى جەڭ قىلدىم. دىۋىلەر چېكىنىدى، قارىسام شاھزادە يوق. مەن ئۇنى دىۋىلەر ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ، قانداق، دەپ ئەندىشە ئىچىدە يىغلاپ ئولتۇرسام، ئالدىمدا بىر ئاپئاق ساقال بوۋاي پەيدا بول-

دى. ئۇ: «مەلىكە، يىغلىما، شاھزادە ھايات. سەن ئاۋۇ تاغنىڭ ئۈستىنى تۈزلەپ ئەينەك ياتقۇزۇپ، بىر ئەينەك تاغ بىنا قىل، بىر تۈپ چىنار كۆچىتى تىكىپ، ئۇنىڭغا شاھزادىنى پەرىزاتلار ماكانىنى كۆرۈپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىنغان بىر خەت يېزىپ ئېسىپ قوي. شاھزادىنىڭ ئىسمى نەھىم، ئاندىن مانا مۇشۇ ئولتۇرغان جايىڭغا بىر باغ ياساپ، شاھزادىنى مۇ-شۇ جايدا كۈت. سەن ھەر كۈنى ئاتا - ئاناڭغا سالام بەرگىلى ئۈچىنچى ئاسمانغا چىققاندا ئەينەككە قاراپ ئۆت. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ سېنى ئىزدەپ مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ» دېدى. شۇڭا، مەن ئەينەك تاغ بىنا قىلدىم ھەم دۆلەرنىڭ يەر يۈزىگە باغ بىنا قىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا قارىمۇقارشى بۇ باغنى بىنا قىلىشنى سىلەردىن ئىلتىماس قىلدىم، بۇ ئىلتىماسىمنى ئورۇنداپ بەردىڭلار. بۇ يىگىت ئاخىر مېنى ئىزدەپ كەلدى، ئادەمزات بىۋاپا بولسا، بىر پارچە تەكلىپنا-مىنى كۆرۈپلا شۇنچە خېيىمخەتەرلەرگە قارىماي بۇ يەرگە كې-لەرمىدى؟ — دەپتۇ. قەھنۇر شاھ قىزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— قىزىم، ئىككىڭلارنىڭ يولتۇزۇڭلار قوشۇلغان بولسا، تەقدىرنىڭ بۇ بېكىتىشىنى بىكار قىلىۋېتىشكە ھەددىم يوق، بوپتۇ، قالسا قالسۇن، ئەتە سالامغا چىققىنىڭدا بۇ يىگىتنىمۇ بىللە ئاچىق، — دەپتۇ ۋە خانىشنى ئېلىپ ئۆز ئوردىسىغا چىقىپ كېتىپتۇ. زۇنۇم پەرى بۇ خۇشاللىق تەنتەنىسىگە ئالاھىدە بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. ئەتىسى پەرى - كېنىزەكلەر شاھزادىنى كۆتۈرۈپ، زۇنۇم پەرى بىلەن بىللە قەھنۇر شاھ ھۇزۇرىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. مەلىكىنىڭ ئاتا - ئانىسى شاھزا-دىنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. شاھزادە مېھماندارچىلىق ئىچىدە زۇنۇم پەرى بىلەن ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈپتۇ. قەھنۇر شاھ بىر ئايدىن كېيىن تەييارلىق قىلىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز

توي ئۆتكۈزۈپ قىزى زۇنۇم پەرىنى شاھزادە نەھىمگە نىكاھلاپ بېرىپتۇ. توي ئۈچىنچى ئاسماندا بوپتۇ. ھەرقايسى ئاسمانلار-دىكى پەرىلەر شاھلىرى تويغا قاتنىشىپتۇ. مۇرادىغا يەتكەن زۇ-نۇم پەرى بىلەن شاھزادە نەھىم تويدىن كېيىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ باغدا تۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە نەھىم غەمكىن بولۇپ قاپتۇ، بۇنى كۆر-گەن زۇنۇم پەرى شاھزادىدىن:

— سۆيۈملۈكۈم، نېمە بولدىڭىز؟ بىرئاز پەرىشان كۆرۈ-نىسىزغۇ، بىر يېرىڭىز ئاغرىمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— مەلىكەم، مەن ئاتا - ئانامدىن ئايرىلغىلى ئۈچ يىل بولاي، دەپ قالدى. ياش بالا ئىدىم، بۇرۇتۇم خەت تارتىپ يى-گىت بولدۇم، ھەتتا سىز بىلەن توي قىلىپ بىر جۈپ بول-دۇم، ئۆيۈن - كۈلكە، خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە ئۆمۈر سۈردۈم. بىراق، ئاتا - ئانام، ئاكىلىرىم، ئۇرۇق - تۇغقانلى-رىم مېنىڭ دەردىمدە نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئەگەر سىز مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، دادىڭىزدىن ئىجازەت ئالسىڭىز، مېنىڭ ئاتا - ئانامنىمۇ كۆرۈپ كەلسەك، — دەپتۇ. زۇنۇم پەرى شاھزادىنىڭ تەلىپىنى دادىسى قەھنۇر شاھقا يەتكۈزۈپتۇ. قەھنۇر شاھ:

— شاھزادە نەھىم ئەقىللىق بالا ئىكەن، ئاتا - ئانىسى-نى يادىدىن چىقارماپتۇ. ئۇنىڭمۇ ئاتا - ئانىسى بولغاندىكىن، ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشى، ئۇلارنى جۇدالىق دەردىدىن خالاس قىلىشى كېرەك. سېنىڭمۇ بىللە بېرىپ قېيناتا - قېينانا-ڭنى، قېيناغىلىرىڭنى كۆرۈپ كېلىشىڭ، ئۇ يەردە كېلىنلىك بۇرچۇڭنى ئادا قىلىشىڭ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشىڭ كېرەك، — دەپ، سوۋغا - سالاملارنى تەييارلاپ، سوۋغا - سالاملارنى مەنزۇل، كەنزۇل، تەنزۇل، سەيىل دېگەن تۆت با-

تۇرىغا كۆتۈرتكۈزۈپ، قىرىق كېنىزەك ۋە نۇرغۇن مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە شاھزادە نەھىم بىلەن قىزىنى ئۈزدىتىپ قويۇپتۇ. شاھزادە نەھىم ئاق قۇغا ئوخشاش پەرىزاتلار بىلەن بىللە ئۇچۇۋاتقىنىغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۆز مەملىكىتىگە كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قاپتۇ.

ئۇلار يەرگە چۈشۈپ ئوردىغا كىرىپتۇ، ئاتا - بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. شۇ ئەسنادا كېنىزەكلەر خانىشنى يۆلەپ چىقىپ كەپتۇ. خانىش شاھزادە نەھىمنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ ئەما بولۇپ قالغانىكەن. زۇنۇم پەرى بىر خىل مېھرىگىياھنى سۈرتكەنىكەن، خانىشنىڭ كۆزى ۋاللىدە قىلىپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا تونۇشۇپ كۆرۈشكەندىن كېيىن پادىشاھ بىلەن خانىش كېلىنىنىڭ، پەرى قىزلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ. پۈتۈن ئوردا ئەھلى ۋە شەھەر خەلقى شاھزادە نەھىمنىڭ ئۇچىنچى ئاسماندىكى پەرىلەر شاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئارقا - ئارقىدىن مۇبارەكلەپ كەپتۇ. پادىشاھ پەرى، لەشكەرلەر، باتۇرلار، كېنىزەكلەرنى خاس ھۇجرىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. سوۋغا - سالاملار تەقدىم قىلىنىپتۇ. ئەمما، مۇشۇنچىۋالا دەبدەبە - تەنتەنە ئىچىدە شاھزادە نەھىم ئاكىلىرىنىمۇ، ئۆزىنىڭ چەۋەندازلىرىنىمۇ ئۇچراتماپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئۇلۇغ شاھ ئاتا، ئاكىلىرىم قېنى؟ چەۋەندازلىرىم نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ:

— ئاكىلىرىڭ ساڭا ياخشى قارىمىغانلىقى ئۈچۈن چەۋەندازلار بىلەن بىللە زىندانغا تاشلانغان، — دەپتۇ. شاھزادە دادىسىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئازابلىنىپتۇ. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

— دادا، گۇناھ مەندە، ئاكىلىرىممۇ، چەۋەندازلارمۇ گۇناھسىز، مەن ئۇلارغا دېمەي كېتىپ قالغان. ئاكىلىرىمنى، چە-

ۋەندازلارنى بوشىتىۋېتىڭ. مەن ئۇلاردىن گۇناھىمنى تىلەي، ئەپۇ قىلمىسا، ئۇلارنىڭ ئورنىدا زىنداندا مەن ياتاي، — دەپ-تۇ. پادىشاھ زىنداندىكى باللىرى بىلەن چەۋەندازلارنى ئاچقۇ-تۇرۇپتۇ. شاھزادە نەھىم ئاكىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاياغ-لىرىغا باش قويۇپ:

— ئاكىلىرىم، مېنى كەچۈرۈڭلار، — دەپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئاكىلىرى ئۇكىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— ئۇكام، كەلدىڭمۇ؟ بىز خاتىرجەم بولدۇق، — دېيىشىپتۇ.

باللىرىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ كۆزىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلۈپتۇ. شاھزادە نەھىم دادىسى، ئاكىلىرى ۋە نۆكەرلەرگە ئۆز سەرگۈ-زەشتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاكىلىرى بۇ قىسسىنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ قاپتۇ. پادىشاھ باللىرىغا:

— ئوغۇللىرىم، سىلەرنىڭ بىر - بىرىڭلارغا بولغان كۆ-يۈمچانلىقىڭلار، مۇئامىلەڭلار مېنى سۆيۈندۈردى، كۆڭلۈم سى-لەردىن سۇ ئىچتى، مەن ئەمدى خاتىرجەم كۆز يۇمىدىغان بول-دۇم. سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىڭلارنى تېخىمۇ ئىز-زەت - ھۆرمەت قىلىپ، ئىتتىپاقلىقىڭلارنى چىڭىتىپ، ھەر ئىش-نى با مەسلىھەت قىلىڭلار. قەدىمىڭلار تەگكەن جاي گۈللەپ ياشنىسۇن، ئاغزىڭلاردىن خەلققە دۇردانىلەر چېچىلىپ تۇر-سۇن، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

پادىشاھ ئەتراپلىق ئويلاشقاندىن كېيىن ئۈچ پادىشاھلىققا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىشنى پۈتۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەييارلىق قىلىپ، تۆت ئوغلىنىڭ تويىنى بىراقلا باشلاپ-تۇ. قەھنۇر شاھ ۋە ئۇنىڭ خانىشى باشلىق ئاسمان دۆلەتلىرى-نىڭ پەرىزاتلىرى، شاھلىرى ۋە يەر يۈزىدىكى قوشنا پادىشاھ-لىقلارنىڭ شاھلىرى تويغا تەكلىپ قىلىنىپتۇ. توي خۇشال -

خۇرام ئاياغلىشىپتۇ. ئەخمەت شاھ قۇدىسى قەھنۇر شاھ باشلىق يىراق - يېقىن دۆلەتلەردىن كەلگەن ئەزىز مېھ- مانلارغا ئۆز لايىقىدا سوۋغا - سالاملارنى تەقدىم قىپتۇ. قەھ- نۇر شاھ ئەخمەت شاھقا:

— باللار بىر ئاي سىزنىڭ قېشىڭىزدا، بىر ئاي بىزنىڭ قېشىمىزدا تۇرسا، — دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ. ئەخمەت شاھ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ. مەلىكە زۇنۇم پەرى كېنىزەكلىرى بىلەن ئەخمەت شاھ ئوردىسىدا قاپتۇ. قەھنۇر شاھ شادىيانە سادا ئىچىدە ئۇزاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاسمانلىقلار بىلەن زې- مىنلىقلار قوشۇلۇپ بىر ئائىلە بوپتۇ، جۇدالىقلار تۈگەپ، مۇراد - مەقسەت ھاسىل بولۇپ، بەخت قۇشى سايراپتۇ.



# خزرنیاز

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، هازىر نامى ئۆچكەن ماكاندا بىر شەھەر بولغانىكەن. شەھەرنىڭ پادىشاھى ئادىل، خەلقپەرۋەر ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئادىللىقىدا يۇرت باياشات، ئاۋات، خەلق خاتىرجەم ئىكەن. پادىشاھنىڭ خەزىنىلىرىمۇ دۇنيادەپىنەگە توشۇق ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئۈچ خوتۇنى بولۇپ، كىچىك خوتۇنى دىۋە قىزى گۈلرۇھ ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئاشۇ خوتۇنىدىن بىر ئوغلى بار ئىكەن، پادىشاھ ئوغلىنى ئۆز جىې-نىدىن ئەزىز كۆرىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، شاھزادە ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ جاھانغا كۆز ئاچقان كۈنىنى قۇتلۇقلاپ يۇرت ئەھلىگە داستىخان سېلىپ، كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئەل - جامائەت شاھزادىگە بەخت - ئامەت تىلىشىپ، ئۇستۇۋېشىدىن ئالتۇن، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى چاچقۇ قىلىپ چېچىشىپتۇ. شاھزادە ئەل - جامائەت بىلەن خۇشال - خۇرام كۈلۈپ، قۇتلۇق كۈنىنى خاتىرجەم ئۆتكۈ-زۈپتۇ. مەرىكە ئاخىرلىشىپ، ئەتىسى شاھزادە: «ئاھ يۈرىكىم» دەپ كۆكسىنى مىجىپ زارلىنىشقا باشلاپتۇ. شاھزادىنىڭ زارىغا چىدىمىغان پادىشاھ پۈتۈن يۇرتتىكى داڭلىق تېۋىپلارنى يىغىپ، شاھزادىنىڭ كېسىلىنى داۋالاشنى ئەمر قىپتۇ. پۈتۈن

يۇرتتىكى تېۋىپلار پادىشاھ ئوردىسىغا يىغىلىپتۇ. نى داڭلىق، مەنمەن دېگەن تېۋىپلارمۇ شاھزادىنىڭ كېسىلىنى تاپالماپتۇ. ئىلاجسىز قالغان تېۋىپلار پادىشاھقا شاھزادىنىڭ كېسىلىنىڭ ئادەتتىكى كېسەل ئەمەسلىكىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. پادىشاھ تېۋىپلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئون بەش ياشقا كىرگەن ئوغلىنىڭ تۈگىمەس دەردكە مۇپتىلا بولغانلىقىنى ئويلاپ بېشىغا غەم تېغى يىقىلىپ، يېگەن تامىقى ئوغا بوپتۇ، كۆزىگە جاھان قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ، كۆز ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك تۆككىنىچە ئوغلىدىن ئەھۋال سوراپتۇ، شاھزادە ھېچ نەرسە دېمەپتۇ، خانىش ئانىسى قان - قان يىغلاپ ئەھۋال سوراپتۇ، ئانىسىغىمۇ ھېچنېمە دېمەپتۇ. پادىشاھ ئىلاجسىز قېلىپ، پۈتۈن شەھەرگە: «كىمدەكىم شاھزادىنىڭ دەردىگە دەرمان بولسا، پادىشاھلىق تەختىمنىڭ يېرىمىنى ئۆتۈنۈپ بېرىمەن» دەپ پەرمان چىقىرىپتۇ، لېكىن شاھزادىنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇچى چىقماپتۇ. شاھزادىدىن كۆرە پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ چىرايى سامانىدەك سارغىيىپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. شاھزادە ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ:

— ئەي ئاتا، ئانا، مېنىڭ كېسىلىمگە داۋا كەتمەيدۇ، ھازىر مېنىڭ كۆڭلۈم جاھان كېزىشنى تارتىۋاتىدۇ، ماڭا ئىجازەت بەرسەڭلار، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەشەمەتلىك سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. شاھزادە :

— ئەي ئاتا، مېنىڭ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىشنى خالىساڭىز، ئۆزۈمنى تەنھا يولغا سېلىپ قويۇڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي يۈرەك پارەم، سەن مېنى بۇ دۇنيادىن كۆزى ئوچۇق كەتمىسۇن دېسەڭ، مېنىڭ ئىلتىپاتىمنى قوبۇل قىل، — دەپتۇ.

شاھزادە ئىلاجسىز ماقۇل بوپتۇ. شاھزادىنىڭ ئاپىسى گۈلرۇھ ئوغلىنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ خىزىر نىياز ساڭا ھەمراھ بولسا، مەن خاتىرجەم بولىمەن. مەن بۇ خىزىر نىيازنى كۈھىقاپتىن ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەن، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ، — دەپ يېنىدىن ئالتۇن ساپلىق، ئالماس بىسلىق بىر شەمشەرنى چىقىرىپ ئوغلىغا بېرىپتۇ.

پادىشاھ بىلەن خانىش كۆز ياشلىرىنى سەلدەك تۆككىنىدچە شاھزادىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. شاھزادە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەردىن ئايرىلىپ، يەتتە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن بىرگە ماڭغان قىرىق قېچىردىكى ئوزۇق-تۈلۈك، مال-مۈلۈك بىلەن ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن قىرىق يىگىتنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز كېتىپ قاپتۇ. ئۇ شۇ يۈرگەنچە يەتتە كۈندىن كېيىن بىر كارۋانغا ئۇچراپتۇ. كارۋان بېشى شاھزادىنىڭ ئۇستۈبېشىغا قاراپ:

— ئەي ئوغلۇم، نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— ئاتا-ئانامنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، مېھىر ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ. كارۋان بېشى شاھزادىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا مېھرى چۈشۈپ:

— ئەي ئوغلۇم، ماڭا ئوغۇل بولغىن، مەقسىتىڭگە يەتكۈزەي، — دەپتۇ. شاھزادە:

— ئەي ئاتا، سىلىگە رەھمەت، مەن ئۆزۈمنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. سىلى مەنزىل كۆزلەپ ماڭىدىغان ئادەم، شۇڭا يولىمىز تۇگىگۈچە مېنى ھەمراھ قىلىۋالسىلا، — دەپتۇ.

كارۋان بېشى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. شاھزادە كارۋانلارغا

قوشۇلۇپ مېڭىپتۇ. شاھزادە يول بويى قونالغۇلاردا كارۋان بېشىنىڭ يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ، تۆگىسىنى سۇغىرىپ، چېيىنى قاينىتىپ بېرىپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. كارۋان نەچچە ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ، يۇرتلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ بىر تاغ جىلغىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىچكىرىلەپ مېڭىپتۇ. ئۇلار جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ بارغاندا تۆت تەرەپتىن قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، قاراقچىلار ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەپتۇ. ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن ئۆرلىگەن چاڭ - توزان دەستىدىن كۈن نۇرى توسۇلۇپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. كارۋان ئەھلى پاتىپاراق بولۇپ كېتىپتۇ. كارۋان بېشى جان قايغۇسىدا قېلىپ:

— ئەي بۇرادەرلەر، جېنىڭلارنىڭ ئامالىنى قىلىڭلار. ئەي بالام، سەنمۇ ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ ۋەھىمىلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ شاھزادىنىڭ ئېسىگە ئاپىسىنىڭ ئېيتقان سۆزى كەپتۇ - دە، بېلىدىكى خىزىر نەيازنى تۇتۇپ:

«ئەي خىزىر نىياز، بۇ قاراقچىلارنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكىن» دەپتۇ. شۇ ھامان قاراقچىلار تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. كارۋان بېشى بۇ كارامەتنى كۆرۈپ شاھزادىگە مىڭلارچە رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تۆگىسىگە مىندۇرۇپتۇ. كارۋان بېشى شاھزادىدىن:

— ئەي ئوغلۇم، قاراقچىلارغا نېمە كارامەت ئىشلەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— بۇ مېنىڭ كارامىتىم ئەمەس، — دەپ، باشقا ھېچ نەرسە دېمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كارۋان بېشى شاھزادىنى ھېچقانداق ئىشقا سالماي، ئۆزى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرغۇزۇپ مېھمان قىلىپ مېڭىپتۇ. شاھزادە كارۋان ئەھلى-

نىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇپ قاپتۇ. كارۋانلار ئاخىر مەنزىلگە يېتىپتۇ. شاھزادە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپتۇ.
ئۇ يول يۈرۈپتۇ، شۇ يۈرگىنىچە ئالتە شەھەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپتۇ، ھېچ يەردە تۇرۇپ قېلىشقا رايى بارماپتۇ، ئاخىر يەت-تىنچى شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بويى ئۆ-سۈپ، يېشى ئون يەتتىگە توشۇپ قاپتۇ، شەھەرگە كىرىپلا كۆڭلى يورۇپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك ھېس قىپتۇ، شەھەرنى ئايلىنىپ، رەستىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ ۋە ئاي-لىنىپ يۈرۈپ، شەھەر سىرتىدىكى ئورمانلىققا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ بۇلبۇللارنىڭ چاڭىلداپ سايرىشىغا مەست بوپتۇ، ئورمان-لىقنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر بۇلاق بويىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇلاق سۈيىدە يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، شەربەتتەك سۈنى قانغۇچە ئى-چىپتۇ، گىردە بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ، شۇ يەردە ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ: «ئەي ئوغلۇم، سەن مۇشۇ شەھەردىن مۇرادىڭنى تاپىسەن، ئور-نۇڭدىن تۇر» دېگۈدەك. ئۇ بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئەتراپقا قاراپ ھېچكىمنى كۆرمەپتۇ. ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەن-لىكىنى بىلىپ، چۈشىنى ئويلىغىنىچە شەھەرگە قاراپ مې-ڭىپتۇ. ئۇ شەھەرگە يېتىپ كىرگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كې-تىپ، نەگە بېرىپ، نەدە تۈرۈشنى بىلەلمەي، ئاخىر كوچا دوقمۇشىدىكى بىر ناۋاينىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. ئۆي ئىچى-دىن بىر ئادەمنىڭ:
— كىم سەن؟ — دېگەن ئاۋازى چىقىپ، ئىشىك ئېچى-لىپتۇ. شاھزادە ئۆي ئىگىسىگە سالام بېرىپ:
— ئەي ئاتا، مەن بىر مۇساپىر ـ غېرىب، بالىسى يوققا بالا بولىمەن، چاكىرى يوققا چاكار بولىمەن. بۈگۈن كېچە ئۆيلىرىدە پاناھلىق بەرسىلە، كەچتە شەھەردە تەمتىرەپ قال-

دىم، — دەپتۇ.

ناۋاي شۇنچە ئۇزۇن ياشىغان بولسىمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرمەي، ئاللادىن پەرزەنت تىلەپ يۈرگەنىكەن. ئۇ شاھزادىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، خۇدا مېنىڭ تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپ بۇ بالىنى ماڭا ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ:

— ئەي بالام، ئاتاڭنىڭ ھۈنىرى نېمە ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتامنىڭ ھۈنىرى ناۋاي ئىدى، — دەپ جاۋاب بې-رىپتۇ شاھزادە چاندۇرماي. ناۋايغا بۇ جاۋاب يېقىپ كېتىپتۇ. شۇنداق تۇرغاندا، ناۋاينىڭ ئايالى چىراغ كۆتۈرۈپ چىقىپ:

— ئەي دادىسى، ئىشىك تۈۋىدە نېمىدەپ سەۋدايىدەك



ۋاتىلداپ تۇرىلا؟ — دەپتۇ. ناۋاي شاھزادىنى كۆرسىتىپ:

— بۇ بالا پاناھ ئىزدەپ كەپتۇ، بالا قىلىۋالاي دەيمەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ. ئايال ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، شاھزادىنى ئۆيگە باشلاپتۇ.

ناۋاي ئەتىسىدىن باشلاپ شاھزادىنى سۇ توشۇش، ئوتۇن تاسقاش، ئوتۇن يېرىش، تونۇرنىڭ كۈلىنى ئېلىش، تونۇرغا ئوت سېلىشقا ئوخشاش يۇگۇر - يېتىم ئىشلارغا سېلىشقا باشلاپتۇ. نېمە ئىشقا بۇيرۇسا، شاھزادە شۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىپتۇ. ناۋاي ئۇنىڭ ئىشىدىن رازى بوپتۇ. شاھزادە ئىشقا كىرىشكەن دەسلەپكى كۈنى ناۋاي ئىككى تونۇر نان يېقىپ ھەممىسىنى سېتىپ تۈگىتىپتۇ. ناۋاي بۇنىڭدىن ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بوپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ناۋاينىڭ سودىسى ئېقىپ، غەللىسى كۈندە پارقىراق تىللالار بىلەن توشىدىغان بوپتۇ.

ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ چاغدا ناۋايمۇ كاتتا بايغا ئايلىنىپ، ئەسكى ئۆيلىرىنىڭ ئورنىغا ھەشەمەتلىك ساراي - ئىمارەتلەرنى سىپتۇ، چاكارلارنى ياللاپ، ساراي - ئىمارەتلەرنىڭ ئىچىنى زىلچا - گىلەملەر بىلەن بېزەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناۋاينىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش يېتىپ، ئايالىغا:

— ئەي خوتۇن، بۇ بالىنىڭ ئايىغى تازا ياراشتى: ئىلگىرى بىر تونۇر ناننى ئون كۈندىمۇ سېتىپ بولالمايتتۇق، ھازىر كۈنىگە ئون تونۇر نانمۇ يېتىشمەيۋاتىدۇ. ئەسكى كەپىمىز ھەشەمەتلىك سارايغا ئۆزگەردى. بىرى ئون بولدى، ئونى يۈز بولدى. ئەسكى جەندىمىز تاۋار - دۇردۇنغا ئۆزگەردى. سارىيىمىز زىلچا - گىلەمگە تولدى. ئەمدى ئۇنى ئۆيلەپ قويۇپ، قەرزىمىزنى ئادا قىلىۋەتسەك قانداق؟ — دەپ مەسلى-

ھەت ساپتۇ. ئايالى ماقۇل بوپتۇ. ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، سەن بۇ ئۆيگە كىچىك كەلگەنىدىڭ، ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، بىز مەسلىھەتلىشىپ، سېنى ئۆيلەپ قويايلى دېيىشتۇق، — دەپتۇ ناۋاي، ئەمما شاھزادە ماقۇل كۆرمەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ناۋاي شاھزادىنى توي قىلىشقا سۆيلەپ، شاھزادە رازىلىق بەرمەي، ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ھەر ئىككىسى ئۆز نىيىتىدىن يانماپتۇ. شاھزادە ئاخىر:

— ئەي ئاتا، مەن ئۆيلەنمەيمەن دېسەم، ئۆز سۆزلىرىدە چىڭ تۇرۇۋالدىڭلا، ئۇنداق بولسا، مەن كىمنى ئالىمەن دېسەم، شۇنى ئېلىپ بېرىڭلا، — دەپتۇ.

— ۋاي بولىدۇ، بالام، — دەپتۇ ناۋاي.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ شاھزادە، — مۇشۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ قىرىق بىر قەۋەتلىك راۋاق ئۈستىدە ئاي بىلەن كۈنگە كۆرسەتمەي بېقىۋاتقان بىر قىزى بار، ماڭا ئاشۇ قىزنى ئېلىپ بەرسىلە.

ناۋاي پادىشاھنىڭ ئاشۇنداق بىر قىزى بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا، شاھزادىنىڭ گېپىگە ئەجەبلىنىپ:

— سەن پادىشاھنىڭ شۇنداق قىزى بارلىقىنى قانداق بىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئون بەش ياشقا توشقان كۈنى مەلىكە مېنىڭ چۈشۈمگە كىرگەن. مەن شۇ چۈشنى كۆرگەندىن كېيىن غېرىب-مۇساپىرلىق يولىغا كىرىپ، بۇ شەھەرگە يېتىپ كەلدىم. شۇنىڭدىن بېرى سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتىمەن، — دەپ شاھزادە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ناۋاي پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇرغىنىچە، خوتۇنىنىڭ يېنىغا چىقىپ:

— ھەي خوتۇن، ھەي خوتۇن، ئۇنى ئۆيلەيمىز، دەپ چا-تاق قىلدۇقمۇ، نېمە؟ ئۇ پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالمەن دەيدۇ. بىز ناۋاي تۇرساق، قانداقمۇ پادىشاھقا تەڭ كېلەلەيمىز؟ بۇ بالا ئەمدى مېڭەمنى يەيدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

— نېمە غەم يەيلا؟ — دەپتۇ ئايالى، — «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دەپتىكەن، ئاۋۋال بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقمامدۇ.

ناۋاي ئايالىنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، ھېيت-ئايەملەردە كىيىدىغان تون - كەمزۇل، تۇمىقىنى كىيىپ، كۆمۈش توقۇملۇق جەدە ئاتقا مىنىپ، غادايغىنىچە پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ياساۋۇللارغا سالام بېرىپ، كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. ياساۋۇللار خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. شۇ كۈنلەردە ناۋاينىڭ ياخشى نامىشەرىپى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتكەنىكەن، شۇڭا پادىشاھ ناۋاينىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىپتۇ. ناۋاي پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ يەتتە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئىجازەت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

— ھە، ناۋاي، بۇياققا ئۆتۈپ قاپسەن، — دەپتۇ پادىشاھ ئۇ-نىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ، — نېمە ھاجەت بىلەن كەلدىڭ؟

— مېنىڭ ھاجىتىم ناھايىتى ئېغىر، — دەپتۇ ناۋاي.

— نېمە سۆزۈڭ بولسا دەۋەرگىن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئۆلۈمدىن قورقىمەن، — دەپتۇ ناۋاي.

— بولدى، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئەي شانۇشەۋكەتلىك پادىشاھىم، سىلى بىر قىز چوڭ قىپتىكەنلا، مەن بىر ئوغۇل... — دەپ ناۋاي سۆزىنى باشلى-شى بىلەن تەڭ، پادىشاھ:

— جاللات، بۇ بەتبەختىنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار ! —

دەپ ۋارقىراپتۇ.

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، — دەپتۇ ناۋاي تىز - لىنىپ تۇرۇپ.

— قېنى، تىلىكىنى چاينىماي سۆزلە، — دەپتۇ پادىشاھ.
ناۋاي يەردىن ئۇستۇن قارىيالماي، تىترىگىنىچە:

— مەن بىر ئوغۇل چوڭ قىلغان. ئوغلۇم بالاغەتكە يەت - كەندە، ئۆيلەپ قويايلى دېسەم: «پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالىمەن» دەپ تۇرىۋالدى، ئامالسىز ھۇزۇرلىرىغا كېلىشكە مەجبۇر بول - دۇم. بىھۇدە ئۆلۈشنى خالىمايمەن، — دەپتۇ.

بىر ناۋاينىڭ ئۆز قىزى ئۈچۈن خېرىدار بولۇپ كەلگەن - لىكىگە پادىشاھ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي غەزەپلىنىپ تۇر - غاندا، ۋەزىرى يول كۆرسىتىپ مۇنداق پىچىرلاپتۇ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق. «بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر» دەپتىكەن. ناۋاينى ئۆلتۈرسەك بول - مايدۇ، شەرت قويايلى، ئۇ يىگىت راستتىنلا قەتئىي نىيەتكە كەلگەن بولسا، ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىچىدە سايىغا پادىشاھ ئوردىسىدەك بىر ساراي بىنا قىلسۇن، سارايىنىڭ ئىچى - تې - شىغا زىلچا - گىلەمدە پاياندار سالسۇن. ئەگەر ئۇنى قىلال - مىسا يىگىتنىڭ كاللىسىنى ئالايلى.

پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ بۇ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ:

— ئەي ناۋاي، مەن قىزىمنى ئوغلۇڭغا بەرسەممۇ بېرەي، ئەمما ئوغلۇڭ شەھەر سىرتىدىكى سايىغا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىچىدە بىر شەھەر بىنا قىلسۇن، شەھەرنىڭ چارباغلىرى بولسۇن. شەھەر ئىچىدە سودا قايىنىغان، ئاشپەز، ناۋاي، سودى - گەرلەر رەت - رېتى بىلەن ئورۇن ئالسۇن. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، بالاڭنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، سېنىڭ پۈتۈن مال - دۇنيايىڭنى مۇسادىرە قىلىمەن، — دەپتۇ.

ناۋاي پېشانىسىگە پاققىدە بىر شاپىلاق ئۇرغىنىچە ئورۇدىدىن چىقىپ ئۆيىگە غەمكىن قايتىپ كەپتۇ. ناۋاينىڭ پەرىشان قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئايالى:

— ۋاي دادىسى، نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ناۋاي:

— ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق بولدى، — دەپ، پادىشاھنىڭ شەرتىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ھەي، نېمىدىن غەم قىلىلا؟ — دەپتۇ ئايالى، — تازا ئەخمەق ئىكەنلا. ھېچبولمىغاندا ئىككىمىز پۇل - پۇچەك، ئالتۇن - يامبۇلارنى بىر خۇرجۇنغا قاچىلاپ، بىر ئاتقا مىنىپ قېچىپ كېتىمىز. ئۇ ئۆزى تاپقان بالاغا ئۆزى قالامدۇ؟

— پەملىك بار جۇمۇ سېنىڭ، — دەپتۇ ناۋاي. ئۇلارنىڭ سۆزى تۈگىشىگە، شاھزادە ئۆيگە كىرىپ:

— دادا، قانداق بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانىسى پادىشاھنىڭ شەرتىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپتۇ.

— بولىدۇ ئەمىسە، مەن پادىشاھنىڭ تەلىپى بويىچە شەھەر بىنا قىلاي، سىلەر غەم قىلماڭلار، — دەپتۇ شاھزادە.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپتۇ. ناۋاي ئوغلىنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ:

— ئوغلۇم، ئۇخلاپ ياتىسەنغۇ، سەن پادىشاھنىڭ شەھەر سېلىشقا مۆھلەت بەلگىلەپ بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — دەپتۇ. شاھزادە:

— بولدى، غەم قىلماڭ، دادا، — دەپ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپتۇ.

ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ناۋاي ئالتۇن - كۈمۈش، يامبۇلىرىنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ، خوتۇنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقسا، پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇرغۇدەك. لەشكەرلەر ناۋاي بىلەن ئايالىنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

شاھزادە ئۇلارنى لەشكەرلەرنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، شەھەر سىرتىدىكى سايلىقتا بىرىپ قوينىدىكى خىزىر نىيازنى چىقىرىپ:

«ئەي خىزىر نىياز، بېشىمغا كۈن چۈشتى، مۇشۇ سايلىقتا پادىشاھنىڭ تەلىپىدىنمۇ ھەشەمەتلىك بىر شەھەر بىنا قىلغايسەن!» دەپ ئەمر قىلىپ قويۇپ، ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئوردا ئىچىگە كىرگەندە، پادىشاھ ناۋاينى سوراق قىلىۋاتقانىكەن.

— سەن بۈگۈن مۆھلەت كۈنىنىڭ توشقانلىقىنى بىلمەمسەن، مەن دېگەن شەھەر - ساراي قېنى؟ — دەپتۇ پادىشاھ ناۋايغا. ناۋاي يىغلاپ تۇرۇپ:

— پادىشاھئالەم، مەن بۇ بالىنى بېقىۋالغانىدىم. قىزلىرىنى ئالىمەن، دېگەن مۇشۇ بالا، — دەپ ئىشىكتىن كىرىۋاتقان شاھزادىنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ



ئۇستۇپشىغا قاراپ:

— جاللات، مۇنۇ بەتبەختنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار! — دەپتۇ.

— توختىسىلا، شاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ شاھزادە، — سىلى ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرگەن. ئەگەر ئادىل پادىشاھ بولسىلا، بۈگۈن كەچ كىرگۈچە تەخىر قىلسىلا، مەن بىنا قىلغان شەھەرنى كۆرۈپ بېقىپ بىر نېمە دېسىلە.

پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە شەھەرنى كۆرۈپ بېقىشقا ماقۇل بوپتۇ. پادىشاھ ئوردا ئەھلىنى باشلاپ سايغا بارسا ئاجايىپ بىر شەھەر تۇرغۇدەك، ئەيىۋھەنناس، شەھەردە ئادەم دەريادەك ئېقىپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ ياساۋۇللىرىنى ئىشقا سېلىپ يول ئېچىپ، شەھەر رەستىلىرىنى ھەيرانلىق ئىچىدە كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. رەستىلەرنىڭ شۇنچە رەتلىك، يوللارنىڭ مەرمەر، سارايلارنىڭ چىرايلىقلىقىدىن كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۆز ئوردىسىنىڭ بۇ سارايىنىڭ ئالدىدا بىر ئەسكى كەپىچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ كارامىتىگە قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قىزىنى بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ ھەمدە توي تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ، مەلىكىنى شاھزادىنىڭ سارىيىغا كۆچۈرۈپ بېرىپتۇ. شاھزادە مەلىكە بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ، مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ. بۇ خۇشاللىق كۈنلەردە ناۋايىمۇ ئۆزىنى پادىشاھنىڭ قۇدىسى ساناپ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرۈپتۇ.

شۇ كۈنلەردە شاھزادە مەلىكىنىڭ شېرىن ۋەسلىگە يېتىپ، ۋىسال شادلىقىدا ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى كۈنلىرىنىمۇ ئۇنتۇشقا باشلاپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەتتا خىزىر نىيازنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپتۇ. خىزىر نىيازنى توپا - چاڭ بېسىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادىنىڭ بېشىدا كۆرۈنمەس بالا -

قازا سايە تاشلاپ يۈرگەنىكەن، چۈنكى ئەسلىدە ئۇ مەلىكىگە يەنە بىر دىۋە ئاشىق ئىكەن. پادىشاھ ھەر كېچىسى قىزنىڭ سارىيىنىڭ ئەتراپىغا ئوت يېقىپ، قىزنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ كېلىۋاتقانىكەن، بۇ سىرنى شاھزادىگە ئېيتىپ بەرمىگەنىكەن. بىر كېچىسى ئوت قالىغۇچىلارنى ئۇيقۇ بېسىپ ئۇخلاپ قېلىپ، ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ. دىۋە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېلىپ مەلىكىنى، خىزىر نىيازنى ئېلىپ كېتىپتۇ. دەھشەتلىك ئاۋازدىن شاھزادە چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ داق يەردە تەنھا ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەتراپقا قارىسا، شەھەر، سارايلاردىن ئەسەر يوق. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، مەلىكىنىڭ بىرەر دۈشمىنى بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىپ:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ مەندىن ئۆتكەن سەۋەنلىك، مەن بۇ سىرنى ساڭا ئېيتىپ بەرمەپتىمەن. ئەسلي قىزىمغا بىر دىۋە ئاشىق ئىدى، ئۇنى ھەر كېچىسى ئوت يېقىپ قويۇپ قوغدايتتۇق. قىزىمنى چوقۇم ئاشۇ دىۋە ئېلىپ كەتتى. ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟ — دەپ زار - زار يىغلاشقا باشلاپتۇ. شاھزادە ئىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ:

— ئەي شاھ ئاتا، مەن مەلىكىنى تېپىپ كېلىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلى يەتمىش پاتمان تۆمۈردە كەش، يەتمىش پاتمان تۆمۈردە ھاسا، يەتمىش پاتمان تۆمۈردە جەندە - كۇلاھ سوقتۇرۇپ بەرسىلە، — دەپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش قىپتۇ.

شاھزادە يولغا چىقىپتۇ. ئۇ تاغلاردىن ئېشىپ، چۆللەرنى كېزىپ، دەريالارنى كېچىپ، نەچچە شەھەرلەرنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ھېچ يەردىن مەلىكىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماي-

تۇ. ئۇنىڭ ساقال ـ بۇرۇتى، چاچلىرى ئۆسۈپ، يۈزىنى قاسماق بېسىپ دەرۋىشكە ئوخشاپ قاپتۇ، يەتمىش پاتمان تۆمۈر هاسىسى ئۇپراپ قوشۇقتەك قاپتۇ، كەشىنىڭ چەمى ئۇپراپ تېشىلىپتۇ، ئۈچىسىدىكى تۆمۈر جەندىسى ئۇپراپ قەغەزدەك قاپتۇ. شۇ هالەتتە ئۇ كۆز يەتكۈسىز بىر جەزىرىدىكى يالغۇز چىنار تۈۋىدىكى بۇلاق بويىغا بېرىپ قاپتۇ. ئۇ بۇلاقتىن ئۆزىنىڭ ئالۋاستىدەك ئىسكەتىنى كۆرۈپ هەيران قاپتۇ. شاهزادە شۇنداق تۇرسا، بىر قىز كېلىپ بۇلاقتىن قاپاققا سۇ ئاپتۇ. شاهزادە قىزغا سالام بېرىپ:

— ئەي قىز، قاپىقىڭىزنى بەرسىڭىز، ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرۇۋالسام، — دەپتۇ. قىز قاپىقىنى شاهزادىگە بېرىپتۇ. شاهزادە قاپاقتىكى سۇنى بىراقلا ئىچىۋېتىپ، قاپاقنى قىزغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. قىز ئۇنىڭغا قىزىقىپ:

— ئەي ئادەمزات، بۇ ئادەمزات ئاياغ باسىدىغان يەر ئەمەس، سەن نېمە ۋەجدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاهزادە قىزنىڭ سوئالىغا هەيران بولۇپ:

— سىز ئۆزىڭىز ئادەمزات ئەمەسمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئادەمزات ئەمەس، دىۋىنىڭ قىزى. سەن نېمە ۋەجدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ قىز يەنە. شاهزادە ئۆزىنىڭ هەممە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— مەن دىۋە ئېلىپ قاچقان مەلىكەمنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. سىزنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز كۆز ياشلىرىنى باهار يامغۇرىدەك تۆكۈپ:

— بايا سەن ئاپاڭنىڭ ئىسمىنى نېمە دېدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاهزادە قىزنىڭ كۆز ياشلىرىغا ئەجەبلىنىپ:

— ئاپامنىڭ ئىسمى گۈلرۇھ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قىز بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئۆزىنى شاهزادىنىڭ باغرىغا ئېتىپ:

— ۋاي جېنىم قېرىندىشىم، — دەپ شاھزادىنى چىڭ قۇچاقلاپتۇ.

شاھزادە بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. دىۋە قىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ:

— ئەي ئوغلۇم، مەن سېنىڭ كىچىك ئاپاڭ بولىمەن، سېنىڭ ئاپاڭ گۈلرۇھ مېنىڭ ئاچام بولىدۇ. بىز بىر ئانىدىن ئۈچ ئاچا - سىڭىل ئىدۇق، دائىم پەرىزاتقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ جاھان كېزىپ سەيلە قىلاتتۇق. بىر قېتىم سەيلىگە چىقىپ قويۇق ئورمانلىقتا گۈل تېرىپ يۈرۈپ ئاتاڭنى ئۇچرىتىپ قالدۇق، شۇنىڭدىن كېيىن ئاچامنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. بىز ئۇنىڭ ئاشىق بولغانلىقىنى بىلىپ، نىيىتىدىن يېنىشنى دەۋەت قىلدۇق، چۈنكى ئاتىمىز بىزنىڭ ئادەمزات بىلەن بېرىش - كېلىش قىلغىنىمىزنى بىلىپ قالسا بىزنى قاتتىق جازالايتتى. لېكىن، ئاچام ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئاتاڭ بىلەن توي قىلىۋالدى. ئاتام بۇ خەۋەرنى تويدىن كېيىن بىلدى. ئاتام غەزەپكە پايلىماي ئاچامنى قايتۇرۇپ كېلىپ قاماپ قويدى، ئۇنىڭ كۆز يېشى ئاخىر قانغا ئايلاندى. ئاچامنىڭ كۆز يېشىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئاچا - سىڭىل ئىككىمىزنىڭ ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ئېرىنىڭ يېنىغا قايتۇرۇۋەتمەكچى بولدۇق ۋە ئاتامنىڭ خىزىر نىياز دېگەن خىسلەتلىك ئەڭگۈشتەر شەمشىرىنى ئوغرىلاپ ئاچامغا بەردۇق. ئۇ ئاشۇ خىزىر نىيازغا ئەمر قىلىپ ئاتامنىڭ قەپىسىدىن قۇتۇلدى. ئاچام قېچىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، ئاتام بىزنى بۇ يەرگە پالىۋەتتى. بۇ يەردە ئاچام ئىككىمىز ياشايمىز. شۇنىڭدىن بېرى ئاپاڭنى كۆرمىدۇق يا خەۋىرىنى ئالالمىدۇق. ئوغلۇم، مەن ئېرىمگە ئېيتاي، ئۇ سېنى ئىككىنچى ئاچامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسۇن. ئۇ بىر ئامالىنى قىلىپ مەلىكەڭنى تېپىپ بېرەر، —

دەپ ئۆيگە باشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىرى قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، شاھزادىنى كۆتۈرۈپ ئىككىنچى ئا- چىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شاھزادە ئۇلار بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى سۆزلەپتۇ. ئوتتۇرانچى دىۋە قىز:

— سېنىڭ مەلىكەڭ بەلكىم كۇھىقاپتا بولۇشى مۇمكىن، مەن سېنى كۇھىقاپقىچە ئاپىرىپ قوياي، ئۇنىڭ نېرىسىنىڭ ئامالىنى ئۆزۈڭ قىلغىن، — دەپتۇ.

شاھزادە ماقۇل بوپتۇ. ئوتتۇرانچى دىۋە قىز شاھزادىنى كۇھىقاپقا ئاپىرىپ قويۇپ:

— ئەمدى ئۆزۈڭ ئامال قىل، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

شاھزادە كۇھىقاپقا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ بىر تورغاينى تۇتۇۋېلىپ، لازىم بولۇپ قالار، دەپ قويىنىغا سې- لىۋاپتۇ. ئۇ تاغ ئېغىزىغا يېقىن بېرىشىغا توپا - چاڭ كۆتۈ- رۈلۈپتۇ، قارىسا ئىككى دىۋە سوقۇشۇۋاتقانىكەن. شاھزادە دى- ۋىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— سىلەر نېمىشقا سوقۇشىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. دى- ۋىلەر شاھزادىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سوقۇشۇشتىن توختاپتۇ ۋە بىرى:

— سەن ئۆزۈڭ كىم؟ بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دەپتۇ.

— مەن سىلەرنىڭ جېدەللىشىۋاتقانلىقىڭلارنى ئاجرىتىپ قويغىلى كەلدىم. سىلەر كىم؟ نېمىنى تالىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

— بىز سۇلايمان قالپىقىنى تالىشىۋاتىمىز. ئۇنى كىيگەن ئادەم ھېچكىمگە كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ بىر خاسىيەتلىك قالپاق. سەن بۇ جېدەلنى ئايرىپ قويالامسەن؟ — دەپتۇ دىۋىلەر. شاھزادە ئويلانغان قىياپەتتە بىرئاز تۇرۇپ:

— مەن بىر تاشنى يىراققا قارىتىپ ئاتاي، شۇ تاشنى

كىم ئاۋۋال مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەلسە قالپاق شۇنىڭ بولسۇن، بۇنىڭغا رازى بولامسىلەر؟ — دەپتۇ. دىۋىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى بۇ تەكلىپكە ماقۇل بوپتۇ. شاھزادە:

— قېنى، سىلەر قالپاقنى ئاۋۋال ماڭا بېرىڭلار، ئاندىن مەن تاشنى ئاتاي، — دەپتۇ. دىۋىلەر قالپاقنى بېرىپتۇ. شاھزادە قالپاقنى قولىغا ئېلىپ، قوينىدىن تورغاينى چىقىرىپ:

— مانا تاشنى ئاتتىم، — دەپ ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. تورغاي بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەپ ئۇچۇپ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئىككى دىۋە تورغايىنى تۇتىمىز، دەپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. شاھزادە شۇ ھامان قالپاقنى بېشىغا كىيىپ كۆھىقاپنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. شاھزادە كۆھىقاپ ئىچىدە مەلىكىنى ئىزدەپ ئۇزاق يول يۈرۈپ، ئاخىر مەلىكىنى ئۇچرىتىپتۇ. قارىسا مەلىكە بىر قەپەسكە سولانغان بولۇپ، چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى چۈشۈپ، قوروۇق بېسىپ، ماك - ماك موماي-غا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. شاھزادە مەلىكىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، بېشىدىن قالپىقىنى ئالغانىكەن، ئۇمۇ بىردەمدە بىر بوۋايغا ئايلىنىپ قاپتۇ. مەلىكە شاھزادىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شاھزادە مەلىكىنى مىڭ تەسلىكتە ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. مەلىكە شاھزادىگە:

— سىز بۇ يەردىن تېز كېتىڭ، دىۋە ئويغىنىپ كەتسە ئامان قالمايسىز، — دەپتۇ.

— ياق، مەن سىزنى قۇتقۇزىمەن، دىۋە نەدە؟ مەن ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

— دىۋىنىڭ جېنى ئۆزىدە ئەمەس، — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇنىڭ جېنى نەدە؟ — سوراپتۇ شاھزادە.

مەلىكە مۇنداق دەپتۇ:

— مۇشۇ يەردىن ئالدىڭىزغا قاراپ ماڭسىڭىز يەتتە

دەرۋازا بار، ھەربىر دەرۋازا تۇۋىدە نەچچە خىل يىرتقۇچ ھايۋان تۇرىدۇ. سىز ئۇلاردىن قورقماي، مەلىكىنىڭ ئەمرى دەپ ماڭسىڭىز، ئامان ـ ئېسەن يۇرۇۋېرىسىز. يەتتىنچى دەرۋازىدىن كىرسىڭىز، بىر كىچىك ئىشىك بار، ئىشىكنى ئاچسىڭىز، ئۇنىڭ ئىچى قاراڭغۇ. ئىشىكتىن، مەلىكىنىڭ ئەمرى دەپ، قەدەم باسسىڭىز يورۇيدۇ. بىر ھۇجرىغا كىرسىڭىز، ھۇجرىدا بىر تەخت بار، تەختنىڭ ئاستىدا بىر ساندۇق بار. ساندۇقنى ئاچسىڭىز، ئىچىدە بىر تۇخۇم بار. شۇ تۇخۇمغا دىۋىنىڭ جېنى بەند قىلىنغان. تۇخۇمنى چېقىۋېتەلىسىڭىز، دىۋىنى ئۆلتۈرەلەيسىز.



شاھزادە ماقۇل بولۇپ، مەلىكىنىڭ دېگىنى بويىچە يەتتە دەرۋازىدىن ئۆتۈپ كىچىك ئىشىك ئارقىلىق ھۇجرىغا كىرىپتۇ ۋە چاققانلىق بىلەن ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇخۇمنى ئېلىپ يەرگە قاتتىق ئۇرغانىكەن، تۇخۇم چېقىلىپ ئىچىدىن بىر جۇجە چىقىپ دىۋە تەرەپكە قېچىپتۇ. شاھزادە ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. شۇ چاغدا دىۋە ئويغىنىپ:

— ئەي ئادەمزات، ئۇنى ئۆلتۈرمە، نېمە تەلىپىڭ بولسا ئورۇندااي، — دەپتۇ. شاھزادە:

— ئۇنداق بولسا بۇ يەردىكى ھەممە سېھىرنى يوقات، — دەپتۇ.

دىۋە بۇ تەلەپكە ماقۇل بولمىغانىكەن، شاھزادە چۇجىنىڭ بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ، شۇ ھامان دىۋىنىڭ جېنى چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە مەلىكىنى قەپەستىن بوشىتىپ، خىزىر نىيازنى تېپىپ:

— ئەي خىزىر نىياز، مەن ساڭا نېمە قىلغان، نېمە ۋەجدىن مېنى تاشلاپ كېتىپسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. خىزىر نىياز زۇۋانغا كىرىپ:

— ئەي شاھزادە، سەن ئىلگىرى مېنى ئۆزۈڭدىن ئايرىماي ساقلايدىغان، قاچان خوتۇن ئالدىڭ، مېنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتتىڭ، كارىڭ بولمىدى، شۇڭا كەتتىم، — دەپتۇ.

شاھزادە ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى بويىنىغا ئاپتۇ ۋە مەلىكە بىلەن يۇرتىغا قاراپ راۋان بوپتۇ. ئۇلار تاغلاردىن ئېشىپ، چۆللەرنى كېزىپ، بىر جەزىرە ئېچىدىكى بۇلاق بويىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇلار بۇلاق سۈيىدە يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، سۇدىن قانغۇچە ئېچىپ، راھەتلىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. شاھزادە چۈشىدە ئاپئاق ساقال، نۇرانە چىراي بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي: «ئەي ئوغلۇم، سىلەر ئەمدى مۇشۇ بۇلاقتا يۇيۇنساڭلار ئەسلىڭلارغا قايتىسىلەر» دەپتۇ. شاھزادە ئويغىنىپ، مەلىكىگە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇپتۇ - دە، دەرھال ئەسلىگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشاللىنىپ چۆمۈپ، خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇپتۇ. ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر تاغقا كەلگەندە، ئالدىدىن بىر دىۋە چىقىپ كەپتۇ. ئۇ دىۋە شاھزادىگە:

— ئەي شاھزادە، مانا مەن سەن ئاتقان تاشنى تېپىپ كەلدىم، قالپاقنى بەرگىن، — دەپ تورغاينى شاھزادىگە بې-رىپتۇ. شاھزادە:

— سېنىڭ ھېلىقى ھەمراھىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ ئاچچىققا چىدىماي ئۆلۈپ قالدى، — دەپتۇ دىۋە. شاھزادە ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ:

— سەن ئادەمزاتقا زىيان يەتكۈزمەسلىككە ۋەدە بەرسەڭ قالپىقىڭنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

دىۋە ئادەمزاتقا زىيان يەتكۈزمەسلىككە ۋەدە بېرىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ قالپىقىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. دىۋە قالپاقنى بېشىغا كىيىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

شاھزادە بىلەن مەلىكە ئاخىر يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، شاھ ۋە ناۋاي بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھ بالىلىرى بىلەن قايتا جەم بولغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، كاتتا توي قىلىپ بېرىپتۇ.

كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرى-دە شاھزادىنىڭ چۈشىگە ئۆز ئاتا - ئانىسى كىرىپتۇ. شاھزادە ئۆز يۇرتى، ئۆز ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپ، ئۆزىنى ئاشكا-رىلاپ، پادىشاھتىن ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ ئۆز شەھىرىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىپتۇ. شاھزادە پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ، مەلىكە بىلەن بىللە ئۆز شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يوللارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئۆز شەھىرىگە ئامان - ئېسەن يېتىپ بېرىپ، شاھ ئاتىسى، خا-نىش ئانىسى بىلەن خۇشال كۆرۈشۈپتۇ. شەھەر خەلقى شاھزادىنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە تەنتەنە قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە ئۆمرىنى ئۆز يۇرتىدا ئاتا - ئانىسى، ئامراق ئايالى بىلەن خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ.

# قۇدرەتنىڭ كەچۈرمىشلىرى

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن، بۇرۇنقى زامانلاردا بىر تىلسىمات قاپاق بولغانىكەن. بۇ تىلسىمات قاپاقتا بەند قىلىنغان بىر پەرىزات بولغانىكەن. شۇ زامانلاردا بىر ئەر - خوتۇن ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇدرەت ئىسىملىك يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن، ئاتا - ئانىسى ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى قۇدرەتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى داڭلىق بىر موللامغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياخشى تەلىم - تەربىيە بېرىشنى تاپىلاپتۇ.

قۇدرەتمۇ ئىلىم ئۆگىنىشكە قىزىقىپتۇ. ئۇ ئىلىمدىمۇ، ياشتىمۇ تازا بالاغەتكە يېتەي دېگەن چاغدا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئۇستازى قازا قىپتۇ. يېقىن ئەتراپتىكى باشقا موللىلارغا ئۇنىڭ تازا ئىخلاسى بولمىغانلىقتىن ئوقۇشتىن توختاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇدرەت چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ھۆسن - جامالدا تەڭدىشى يوق بىر ساھىبجامال قىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغۇدەكمىش. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلىپ، شۇ كۈندىن باشلاپ چۈشىدە كۆرگەن قىزغا غايىبانە ئاشىق بوپقاپتۇ، قىزنىڭ ئىشقىدا ھەسرەت چېكىپ، رەڭگىرويى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ كېتىپتۇ.

ئاي، يىللار ئۆتۈپ، قۇدرەتنىڭ يېشى يىگىرمىگە يېتىپ-

تۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويۇش كويىغا چۈشۈپتۇ ھەمدە نۇرغۇن گۈزەل قىزلارنى ئۇنىڭغا سايە قىپتۇ، بىراق قۇدرەت ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ياقتۇرماپتۇ.

بىر كۈنى قۇدرەتنىڭ ئاتىسى:

— ئوغلۇم، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغىنىڭنى بىر كۆرەي. ئاناڭ بىلەن ئىككىمىزدە ماغدۇر قالمىدى، بۈگۈن بار بولغىنىمىز بىلەن ئەتە يوق. سېنىڭ توyۇڭنى كۆرسەك بىئارمان كېتەر ئىدۇق، — دەپتۇ قۇدرەتكە.

قۇدرەت ئاتىسىنىڭ گېپىنى رەت قىلىشنى ئەپ كۆرمەي:

— بولىدۇ، ئاتا، — دەپتۇ ئىتائەتمەنلىك بىلەن، — سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارچە بولسۇن. پەقەت ماڭا بىرئاز مۆھلەت بېرىڭلار. مەن يېقىندا بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمگە قارىغاندا، سەپەرگە چىقمىسام بولمايدۇ. مېنىڭ توي ئىشىمنى مەن سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار بويىچە بىر تەرەپ قىلايلى.

ئاتىسى ئوغلىنىڭ گېپىگە رازى بولۇپ، سەپەر تەرەددۇتىنى قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئاتا پاتىھە بېرىپ ئوغلىنى يولغا ساپتۇ. قۇدرەت يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، قانچىلىغان چۆل ـ باياۋانلارنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ. نىھايەت، ئاسمان ـ پەلەك بىر تاغقا يېتىپ كەپتۇ. بۇ تاغدا ھەر خىل يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك ھۇۋلاشلىرىنى ئاڭلىغان قۇدرەت بىرەر پاناھ جاي تېپىپ يوشۇرۇنۇش قارارىغا كەپتۇ. نۇرغۇن مۇشەققەتلەر بىلەن تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقىپتۇ. تۇساتتىن ئۇنىڭ ئالدىدا ئايئاق ساقىلى كۆكسىنى يېپىپ تۇرىدىغان بىر نۇرانە بوۋاي پەيدا بوپتۇ.

— ھەي ئوغلۇم، يولۇڭ قاياقىقا؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي

قوْدرەتتىن.

— باشپاناھ ئىزدەپ يۈرىمەن، بوۋا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇدرەت.

— قەيەرلىكسەن؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— ئەسلىي شەھرى ئاباتلىقمەن. بۇ يەردە قىلىدىغان ھېچ-قانداق ئىشىم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇدرەت.

— ئەمدى نەگە بارماقچىسەن؟ — يانىدۇرۇپ سوراپتۇ بوۋاي.

— ھەي بوۋا، قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە تۇرۇشۇمنى ئۆ-زۇممۇ ئېنىق بىلمەيمەن. چۈشۈمدە بىر گۈزەل قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. قانداقلا بولمىسۇن شۇ قىزنى ئىزدەپ تاپماقچىمەن، — دەپتۇ قۇدرەت كۆڭلىدىكىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ.

— ئەي بالام، سەن بەكمۇ خەتەرلىك يولغا ئاتلىنىپسەن. سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن قىز دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ قىزى. دې-ۋىلەرنىڭ ماكانىغا بارغان كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئامان قايتمىغان. «يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس» دې-گەن تەمسىل بار. نىيەت قىپسەن، ئەمدى يولۇڭدىن يانما! مەن ساڭا يول كۆرسىتەي، — دەپتۇ بوۋاي، — مانا مۇشۇ يول بىلەن مېڭىۋېرىسەن. يولۇڭدا يەتتە تاغ ئۇچرايدۇ. ئوڭ تەرەپكە قاراپ ماڭساڭ، بىر چىغىر يول بار. ئەگەر ئادىشىپ سول تەرەپكە مېڭىپ قالساڭ، يالماۋۇزلار ماكانىغا بېرىپ قا-لىسەن. ئۇدۇل ماڭساڭ تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقىسەن. بىراق، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە چۈشىدىغان يول يوق. ئەگەر ئوڭ تەرەپ-تىكى چىغىر يول بىلەن ماڭساڭ، قېلىن قار - مۇزلۇقلار ئۇچرايدۇ. ئەمما، يول ئازابىدىن قورقما. بۇ يول سېنى دەريا

بويىغا ئېلىپ بارىدۇ. دەريانى ياقىلاپ مېڭىۋېرسەن. بىر جاي-غا بارغاندا دەريا ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. دەريانىڭ ئوڭ تارمىقىدىن ئۆتۈپ كۆنپېتىش تەرەپكە قاراپ ماڭساڭ، يولۇڭدا ئاندا-ساندا قۇرۇغان دەرەخلەر ۋە تەرەپ - تەرەپتە قۇم دۆۋىلىرى ئۇچرايدۇ. دەل شۇ يەردە يەر ئاستى شەھىرى بار. بۇ شەھەرنى ئادەمزات ئۇياقتا تۇرسۇن ئۇچار قۇشلارمۇ بىلمەيدۇ. شەھەر-نىڭ دەرۋازىسى تىلسىم قىلىنغان. قۇمنىڭ ئارىسىدا چوڭ بىر تۈگمەن تېشى ئۇچرايدۇ. شەھەرنىڭ دەرۋازىسى شۇ يەردە. ئەمما، يەر ئاستى شەھىرىگە چۈشكۈچە قىرىق بىر دەرۋازىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەربىر دەرۋازىغا بىردىن قۇلۇپ سې-لىنغان، قۇلۇپلارنىڭ رەڭگى بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشاشماي-دۇ، ھەربىر قۇلۇپنىڭ ئۆز ئاچقۇچى بار. ئاچقۇچلار تۈگمەن تېشىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇلغان. ئاچقۇچلارنى ئېلىش ئۈچۈن تۈگمەن تېشىنى ئوڭ تەرەپكە ئايلاندۇرۇشقا توغرا كې-لىدۇ. ئەگەر ئادىشىپ سول تەرەپكە ئايلاندۇرۇپ قويساڭ، ئاچ-قۇچلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ جاراڭلاپ، ئەتراپنى غەلىتە ئاۋازلار قاپلاپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا يىرتقۇچ ھايۋانلار سېنى پا-رە - پارە قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاش جايىدىن قوز-غىلىپ كېتىپ دەرۋازا ئېچىلمايدۇ، ئاچقۇچلارنىمۇ تاپالماي-سەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىرىماستىن تاشنى ئوڭ تەرەپكە قى-رىق بىر قېتىم ئايلاندۇرسەن، ئاچقۇچلار ئۆزلۈكىدىن قو-لۇڭغا چىقىدۇ. دىۋىلەر دەرۋازىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى سەزمەيدۇ. دەرۋازىلارنى ئېچىشتىن بۇرۇن قۇلۇپ ۋە ئاچقۇچلارنىڭ رەڭ-گىگە ئوبدانراق قارا. ئەگەر ھەربىر قۇلۇپقا ئۆز ئاچقۇچىنى سالمىساڭ، يەنە غەلىتە ئاۋازلار پەيدا بولىدۇ. قىرىق بىر قۇ-لۇپنىڭ قىرىق بىر خىل سىرى بار. ئەگەر قۇلۇپ قارا بول-سا، ئاق رەڭلىك ئاچقۇچ بىلەن ئېچىلىدۇ. قىزىل رەڭلىك

قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى ھاۋا رەڭ بولىدۇ. ئاچقۇچلارنىڭ رەڭگى
قۇلۇپلارنىڭ رەڭگىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. قۇلۇپلارغا ئاچقۇچ
سېلىنغاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپكە قىرىق بىر قېتىم ئايلاندۇ-
رسەن، شۇ چاغدىلا دەرۋازىلار جىمجىت ئېچىلىدۇ. دەرۋازا
ئېچىلغاندىن كېيىن چوقۇم ئالدى بىلەن دەرۋازا ئىچىگە ئوڭ
پۇتۇڭ بىلەن قەدەم قوي، ئەگەر سول پۇتۇڭ بىلەن قەدەم
قويساڭ، دەرۋازا يېپىلىپ سېنى قىسىۋالىدۇ ـ دە، دىۋىلەر
ئويغىنىپ سېنى تىتىپ تاشلايدۇ. قىرىق بىرىنچى دەرۋازىنى
ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرسەڭ، ئوڭ تەرەپتە قىرىق بىر قاپاق
بار، قاپاقلارمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ئەمما، بۇ قا-
پاقلارنىڭ ئارىسىدا بىرىنىڭ بويىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپى بىر
قارىساڭ ئانارغا، بىر قارىساڭ ئالمىغا ئوخشايدۇ. شۇ قاپاقنى
سول قولۇڭغا ئالغىن ـ دە، ئوڭ قولۇڭنىڭ ئوتتۇرا بارمىقى
بىلەن قىرىق بىر قېتىم چېكىپ، ئوڭ تەرەپكە قىرىق بىر
قېتىم ئايلاندۇر. شۇندىلا ئۇنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ، سەن
چۈشۈڭدە كۆرگەن قىز چىقىپ كېلىدۇ. خەير، ئىشىڭ ئوڭ-
دىن كەلسۇن، ــ دەپ بوۋاي كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

قۇدرەت بوۋاي كۆرسەتكەن يول بىلەن مېڭىۋېرىپتۇ، نۇر-
غۇن تاغ، دەشتۇ باياۋان، دەريالاردىن ئۆتۈپتۇ، نۇرغۇن بالا ـ
قازادىن قوتۇلۇپ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈگمەن تېشىنى
تېپىپتۇ. ئۇنى بوۋاي ئېيتقاندەك ئوڭغا ئايلاندۇرۇپ ئاچ-
قۇچلارنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. دەرۋازىلارنى ئېھتىيات بىلەن
ئېچىپ قىرىق بىرىنچى ئۆيگە كىرىپتۇ. قىرىق بىر قاپاقنىڭ
ئارىسىدىن بوۋاي ئېيتقان قاپاقنى تېپىپ قىرىق بىر قېتىم
چېكىپتۇ ـ دە، ئوڭ تەرەپكە ئايلاندۇرۇپتۇ، قاپاقنىڭ بېشىنى
قىرىق بىرىنچى قېتىم ئايلاندۇرۇۋاتقاندا: «توختاڭ، مەن مۇشۇ
يەردە» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ ۋە قاپاقنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ،

ئىچىدىن بىر ساھىبجامال قىز چىقىپتۇ. قۇدرەت قىزنى كۆرۈپ ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلىپتۇ. قىز بولسا قۇدرەتنى بىر ئەپسۇن بىلەن ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. قىز قۇدرەتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ:

— بۇ يەردە ئادەمزاتنىڭ ياشىشى مۇمكىن ئەمەس، بىز بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى. ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئەركىن - ئازادە ياشايلى، — دەپتۇ.

— مەنمۇ شۇ نىيەتتە سىزنى ئەكەتكىلى كەلگەنمەن، — دەپتۇ قۇدرەت ۋە قىزنى يېتىلەپ يەر ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. ھەممە دەرۋازىنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچلارنى تۇگمەن تېشىنىڭ ئاستىغا ئاۋۋالقىدەك باستۇرۇپ قويۇپتۇ.

قۇدرەت بىلەن قىز ئۇزاق يول يۈرۈپ، ئاخىر بىر دەشت - باياۋانغا يېتىپ كەپتۇ. قۇدرەت ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىراپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. قىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ دەرھال كۆز يېشى قىلىپ ئەپسۇن ئوقۇپتۇ، شۇ ھامان چۆل ياپيېشىل مايسىلار بىلەن قاپلىنىپتۇ. ئەتراپتا تۈرلۈك - تۈمەن چېچەكلەر ئېچىلىپ، خىلمۇخىل مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن، سۇپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان باغ پەيدا بوپتۇ. قىز قۇدرەتنى باغنىڭ ئىچىدىكى شىپاڭغا ياتقۇزۇپتۇ. قۇدرەت ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا، ئاجايىپ گۈزەل باغنىڭ ئىچىدە ياتقۇدەك. ئىككىسى بۇ يەردە خۇشال - خۇرام ياشاشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، قۇدرەت ئەتراپتا يۇرت بار - يوقلۇقىنى بىلىپ كېلىش ئۇچۇن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. قىز ئۆنى دەريا بويىدا ئۇزىتىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا بىر قېرى كەمپىر كېلىپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى سوراپ، شېرىن سۆزلەر بىلەن ھال - ئەھۋال سوراپتۇ، قۇدرەتنىڭ قەيەرگە، نېمە ئىش بىلەن كەتكەنلىكىنى نا-

هايىتى زەن سېلىپ تىڭشاپتۇ. قىز ئۇنىڭ جادۇگەر ئىكەنلى-
كىنى بىلمىگەچكە، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىر - بىرلەپ
سۆزلەپ بېرىپتۇ.
— خېنىم، سىزگە جېنىم پىدا بولسۇن. گەرچە ھۆسن - جا-
مالدا تەڭداشسىز، پەرى سۈپەت قىز بولسىڭىزمۇ، بىر ئەيىبى-
ڭىز بار ئىكەن، — دەپتۇ جادۇگەر ئۆزىنى قىزغا مېھرىبان
كۆرسىتىپ، — چېچىڭىز ۋاقىتسىز چۇشۇشكە باشلاپتۇ. ئەگەر
مۇشۇ دەريانىڭ سۈيىدە بېشىڭىزنى يۇسىڭىز، چېچىڭىز باشقى-
دىن قويۇق چىقىدۇ.
قىز باش يۇيماقچى بولۇپ دەرياغا ئېڭىشىپتۇ. جادۇگەر
بۇ پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇنى دەرياغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ.
قىز سۇدا بىر چۆكۈپ - بىر لەيلەپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. جا-



دۇگەر قىزنىڭ ئۆلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر ئەپسۇن بىلەن ئۇنى ئاتقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. جادۇگەر دەرھال قىزنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆزىنى پەردازلاپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، قۇدرەت سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ. جادۇگەر قىزنىڭ سىياقىدا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. قۇدرەت سىنچىلاپ قارىسا، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئايالىغا زادىلا ئوخشىماسمىش. قۇدرەت، بۇ يەردە بىزدىن باشقا بىرەر ئادەمزات بولمىسا، يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم ياشىمىسا، بۇ قانداق سىر بولدى، ئەجەب ئىش، ئۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا شۇنچە ئۆزگىرىپ كېتەرمۇ، يۈزلىرى پۈرلىشىپ، رەڭگىدە قان قالماپتۇ، قارىسا ئادەم قورقىدۇ، بۇ زادى نېمە ئىشتۇ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپتۇ. جادۇگەر ئۇنىڭ گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، چېچىنى يۇلۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— سىزگە نېمە بولدى؟ نېمىگە يىغلايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قۇدرەت.

— مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ — دەپ ۋايساپتۇ جادۇگەر، — سىز مېنى مىڭ بىر جاپا بىلەن ئەكەلگەنىدىڭىز، ئەمدى قارىغۇڭىزمۇ كەلمەيۋاتىدۇ. سىز سەپەرگە كەتكەن كۈندىن باشلاپ گېلىمدىن سۇمۇ ئۆتمىدى، يولىڭىزغا تەلمۈرۈپ كۆزۈم ئۇيقۇ كۆرگىنى يوق. يالغۇزلۇقتا ھەسرەت چېكىپ رەڭگىرويىم سامان بولدى. شۇنچە كۈيگىنىم يەتمىگەندەك، ئەمدى مېنى خارلاۋاتامسىز؟

جادۇگەر قۇدرەتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپتۇ. قۇدرەتنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ كۆڭلى ئېرىپتۇ. ئۇلار يەنە بىرگە ياشاشقا باشلاپتۇ.

ئارىدىن تالاي كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى سەھەردە قۇدرەت ھويلىغا چىقسا، ئېغىلدا ئاتنىڭ كىشنىگىنى ئاڭلى-

نىپتۇ. كىرىپ قارىسا، بىر ئاق ئارغىماق تىپچەكلەپ تۇر-غۇدەك. ئارغىماق قۇدرەتنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپتۇ، بىراق ئۇنىڭ قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ تې-گىگە يېتەلمەپتۇ. شۇ تەرىقىدە كۈنلەر يەنە ئۆتۈپتۇ. جادۇگەر تائامنى كۆرسە ھۆ تۇتىدىغان ئادەتنى چىقىرىپتۇ.

— نېمە بولدى؟ نېمىشقا تاماق يېمەي ئۆزىڭىزنى قىيـ-نايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قۇدرەت ئۇنىڭدىن تەشۋىشلىنىپ.

— تاماقنىڭ ھىدى دىمىغىمغا ئۇرۇلسىلا كۆڭلۈم ئاينىيـ-دۇ، — دەپتۇ جادۇگەر.

— كۆڭلىڭىز نېمىنى تارتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قۇدرەت.

ئېغىلدا پەيدا بولۇپ قالغان ئارغىماقنىڭ ئۆزى سېھىرلەپ ئاتقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن قىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن جادۇگەر:

— ئاق ئاتنىڭ گۆشىنى كۆڭلۈم تارتىدۇ، شۇ ئاتنى سو-يۇپ گۆشىنى پىشۇرۇپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ يىغلامسىراپ.

قۇدرەت ئاتخانىغا كىرسە ئارغىماقنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، خۇددى ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا چاپچىپ تۇرارمىش. بۇنى كۆرۈپ قۇدرەتنىڭ ئاتنى ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلى قىيماي قايتىپ چىقىپتۇ.

— ئاتنى ئۆلتۈرۈشكە زادىلا كۆڭلۈم بارمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا گۆش تېپىپ بېرەي، — دەپتۇ قۇدرەت جادۇگەرگە.

— سىزگە مەندىن ئات ئەلا ئىكەن - دە. مەن سىزگە ئەگىشىپ ئاتا - ئانامنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلدىم، سىز بول-سىڭىز مېنى بىر ئاتچىلىكمۇ كۆرمەيۋاتىسىز. مېنى بۇنچىلىك قىيىنىغاندىن كۆرە دەرياغا تاشلىۋېتىڭ، — دەپ داد - پەرياد سېپتۇ جادۇگەر. قۇدرەت نائىلاج ئاتنى سويۇپ گۆشىنى پىشۇ-رۇپ بېرىپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئاتنىڭ قېنى تۆكۈلگەن جايدىن

بىر توپ ئالما ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئالما چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ-
تۇ. ئارىدىن يىل ئۆتۈپتۇ، جادۇگەر قوشكېزەك تۇغۇپتۇ. با-
لىنىڭ بىرى ئوغۇل، بىرى قىز ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ:
— بالىلارغا بۆشۈك كېرەك، ئالمىنىڭ ياغىچىدىن بۆشۈك
ياساپ بېرىڭ، — دەپتۇ.
— بۆشۈكنى باشقا ياغاچتا ياسىساممۇ بولىدۇ. ھويلى-
مىزغا ھۆسن قوشۇپ تۇرغان بۇ ئالمىنى كېسىشنىڭ نېمە
ھاجىتى؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ قۇدرەت.
— قانداق بىمېھىر ئادەمسىز؟ — دەپتۇ جادۇگەر، —
بالىڭىزنى شۇ دەرەختىچىلىك كۆرمەمسىز؟
قۇدرەت نائىلاج بىر شەھەرگە بېرىپ بۆشۈك ياسايدىغان
بىر ئۇستا تېپىپتۇ-دە، ئۆيگە باشلاپ كەپتۇ. ئۇستام ئال-
منى كېسىپ بۆشۈك ياساشقا كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ غوللىرىنى
ھەرىدەپ يونۇۋاتسا، ئىچىدىن دۆشە قىلغىلى بولغۇدەك چاققاز-
غىنە بىر بۆلىكى ئۆزلۈكىدىن ئاجراپ چىقىپتۇ. ئۇستا بۆ-
شۈكنى ياساپ بولۇپ ھېلىقى دۆشىنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ،
ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئۇن ساندۇقىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ
قويۇپتۇ، ئەتىسى بالا-چاقىلىرى بىلەن ئېتىزغا ئىشلىگىلى
كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن ھېرىپ-چارچاپ قايتىپ كەلسە ئۆي-
لەر رەتلىك يىغىشتۇرۇلغان، ئاپئاق داستىخاندا ھورى چىقىپ
تۇرغان تۈرلۈك-تۈمەن تائاملار تەييار تۇرغۇدەك. ئۇستا بۇ
سىرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران بوپتۇ، ئەمما ئۇن ساندۇ-
قىنى ئېچىپ بېقىش ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەپتۇ. شۇ تەرد-
قىدە كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ئۇستا ئېتىزلىقتا بارماي
ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ تۇرغانىكەن، ساندۇقنىڭ ئىچى-
دىن ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار بىر گۈزەل
قىز چىقىپ كەپتۇ ۋە ئۆينى سىيرىپ-سۈپۈرۈپتۇ، بىردەم-

دىلا تائاملارنى پىشۇرۇپ داستىخانغا قويۇپتۇ. ئۇستا دەل شۇ چاغدا ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرگەنىكەن، قىز ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

— ئەي جامالىدىن نۇر ياغدىغان گۈزەل پەرىزات، ماڭا كىملىكىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، قانداق تەلىپىڭىز بولسا ئېيتىڭ، قولۇمدىن كېلىشىچە بەجا كەلتۈرەي، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ ئۇستا.

بىردىن ساندۇقنىڭ ئىچى يورۇپ، نۇرانە چىراي قىز چىقىپتۇ. ئۇستا بىلەن قىز سالاملاشقاندىن كېيىن، خۇددى ئاتا-بالىدەك يانمۇيان ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپتۇ. قىز بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ. ئۇستا بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلىنىپتۇ ۋە قۇدرەتنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن دەرھال سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. قۇدرەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قۇدرەت خۇددى قانات چىقىرىپ ئۇچقان قۇشتەك يۈرۈپ قىزنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇلار ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۆرۈشۈپ ھال-ئەھۋال سورىشىپتۇ. قۇدرەت جادۇگەرنىڭ سېھرىگە ئالدىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قىزدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ جادۇگەرنى ۋە بالىلىرىنى تۇتۇپ، ھەرقانچە يالۋۇرۇپ-يېلىنغىنىغا قارىماي ئادەم قەدىمى يەتمەس دەشت-باياۋانغا ئاپىرىپ جىنىدىن جۇدا قىپتۇ-دە، يېقىن-يىراقتىكى جامائەتنى چاقىرىپ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ، قىز بىلەن يەنە خۇشال-خۇرام جەم بوپتۇ، ئاندىن ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، باشقا بىر شەھەرگە كۆچۈپ بېرىپتۇ. ئەمما، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ شەھەرگە باشقا بىر مەملىكەتنىڭ پادىشاھى ئۇرۇش ئېلان قىپتۇ. قورال كۆتۈرۈشكە قۇربى يەتىدىغانلىكى ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىن-

نىپتۇ. قۇدرەتمۇ ئەل قاتارى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. بىراق، دۈش-مەن كۈچلۈك كېلىپ، نۇرغۇن يەرلەرنى ئىشغال قىلىۋاپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن يۇرتقا قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن دۈشمەننىڭ يولىنى توسۇش چارىسىنى تېپىش ھەققىدە پەرمان چىقىرىپ-تۇ. قۇدرەت كەچقۇرۇن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ئايالىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئايالى بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇرۇشتا يېڭىشنىڭ ئامال - چارىلىرىنى قۇدرەتكە بىر - بىرلەپ دەپ بېرىپتۇ. ئەتىسى قۇدرەت پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، خوتۇنى كۆرسەتكەن چارىلەرنى پادىشاھقا با-يان قىپتۇ. بۇ چارىلەر پادىشاھقا يېقىپتۇ. نەتىجىدە، شۇ چارە-تەدبىرلەر بويىچە جەڭ قىلىپ، نەچچە كۈن ئۆتمەي دۈشمەن چېكىندۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ قۇدرەتنى باش سەركەردە قىلىپ تە-يىنلەپتۇ. قۇدرەت باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر جان پىدالىق بىلەن كېچە - كۈندۈزلەپ جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى تاكى ئۆز مەملىكىتىگىچە قوغلاپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ غەلىبىنىڭ شە-رىپىگە چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈپتۇ ھەمدە قۇدرەتنى ئۆزىنىڭ قىرىق بىرىنچى ۋەزىرى قىلغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ئەسلىدە پادىشاھنىڭ قىرىق ۋەزىرى بولۇپ، ھەر كۈنى بىرى پادىشاھقا ئاتاپ ئۆيىدىن تائام پىشۇرۇپ ئەكېلىدىكەن. ئارىدىن قىرىق كۈن ئۆتۈپ، نۆۋەت قۇدرەتكە كەپتۇ. قۇدرەتنىڭ ئايالى تاماق ئېتىپتۇ. ئۇنى ئۇسۇشتىن بۇرۇن تۇزىنى تېتىپ كۆرۈپتۇ ھەمدە قازاننى يەنە بىر قېتىم ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن تاماقنى ئۇسۇپتۇ. ئۇنىڭ لېۋى تەگكەن چۆمۈچتىن تاماققا بىر لەززەت قوشۇلۇپتۇ. قۇدرەت تاماقنى پادىشاھقا ئاپىرىپتۇ. پادىشاھ تا-ماقنى تېتىپ كۆرۈپ، ھۇزۇر بىلەن ئاغزىنى تامشىپتۇ.

— ئۆمرۈمدە بۇنداق لەززەتلىك تاماقنى يېمىگەنىدىم. ئايالىڭىز تاماققا ئىنتايىن ئۇستا ئىكەن، — دەپ ماختاپتۇ

پادىشاھ قۇدرەتنى.

ئارىدىن يەنە قىرىق كۈن ئۆتۈپتۇ. پادىشاھقا تاماق ئاپىرىش نۆۋىتى يەنە قۇدرەتكە كەپتۇ. بۇ نۆۋەت پادىشاھ ۋەزىرلىرىدىن بىرىنى قۇدرەتنىڭ ئارقىسىدىن پايلاقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ تۈڭلۈكتىن قاراپ تۇرۇپتۇ. قۇدرەتنىڭ ئايالى تاماقنى ئۇسۇشتىن بۇرۇن يەنە تۇزىنى تېتىپتۇ. قۇدرەت تاماقنى پادىشاھقا ئېلىپ بېرىپتۇ. تاماق ئالدىنقى قېتىمقىسىدىنمۇ لەززەتلىك ئىكەن. پايلاقچى ۋەزىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ئەي پادىشاھئالەم، ئەمرىڭىزنى بەجا كەلتۈردۈم. تاماقنى ئۇسۇشتىن بۇرۇن خوتۇنى بىر قېتىم تۇزىنى تېتىپ كۆرىدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا بىرەر سىرنى بايقىمىدىم. قۇدرەتنىڭ خوتۇنى شۇ قەدەر گۈزەل ئىكەنكى، ئەگەر يۈزىدە چۈمبىلى بولمىسا، ھۆسنى ئاسماندىكى ئاينىمۇ خىرە قىلىپ قويغۇدەك. ئۆمرۈمدە بۇنداق پەرى رۇخسار ئايالنى كۆرمىگەنمەن، — دەپتۇ. ۋەزىرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پادىشاھ قۇدرەتنىڭ ئايالىغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھ قۇدرەتنى كۆزدىن يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئايالىنى قولغا چۈشۈرۈش كويىغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ قىرىق ۋەزىرىنى چاقىرىپ، بۇ ھەقتە مەسلىھەت سوراپتۇ. قىرىق ۋەزىر قىرىق خىل مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ مەسلىھەتى پادىشاھقا يېقىپتۇ. ئۇنىڭ مەسلىھەتىچە، قۇدرەت كۆھقاپقا بېرىپ دىۋىلەرنىڭ بېغىدا ئۆسىدىغان سىرىقگۈلدىن بىر دەستە ئەكېلىشى كېرەك ئىكەن. ۋەزىر قۇدرەتنىڭ كۆھقاپقا بېرىپ ساق - سالامەت قايتىپ كېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە، دىۋىلەرنىڭ ئۇنى بىردەمدىلا پارە - پارە قىلىپ تاشلايدىغانلىقىغا پادىشاھنى ئىشەندۈرۈپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ

مەسلىھەتى بويىچە قۇدرەتنى كۈھىقاپقا بېرىپ گۈلنى ئەكې-
لىشنى تاپشۇرۇپتۇ.

قۇدرەت ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئايالىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەشۋىشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— سىز زادىلا غەم يېمەڭ. پادىشاھ ئاتامنىڭ بېغىدىكى سېرىقگۈلنى ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. مەن دېۋىلەرگە خەت پۈتۈپ بېرىمەن، ئۇلار سىزنىڭ بارلىق ئىستىكىڭىزنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ ۋە شۇ زامات خەتنى پۈتۈپ، قۇدرەتنى يولغا سېلىپتۇ. قۇدرەت تېخى مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپ بولمايلا تۇرۇپ، ئايالى تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ - دە، بىر تال چېچىنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ زامات تۆت دېۋە پەيدا بوپتۇ. ئۇ دېۋىلەرگە قۇدرەتنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا يولدا ھەمراھ بولۇشنى، چارچىسا كۆتۈرۈپ مېڭىشنى، ئاچ قالسا ئاماق تېپىپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ.

دېۋىلەر قىزنىڭ ئەمرىنى كەم - كۈتىسىز بەجا كەلتۈرۈپتۇ، قۇدرەتنى ساق - سالامەت كۈھىقاپقا يەتكۈزۈپ، سېرىقگۈلنى ئېلىپ قۇدرەتكە تۇتقۇزۇپتۇ. تۆت دېۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئاسمانغا ئۆرلەپ، كەچتە قۇدرەتنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

قۇدرەت كۈھىقاپقا توپتوغرا بەش كۈندە بېرىپ كەپتۇ. ئالتىنچى كۈنى سەھەردە پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپتۇ ۋە ۋەزىرلەرگە:

— ئەمدى قۇدرەتتىن قۇتۇلدۇق. ئۇ قايتىپ كېلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئايالىنىڭ نېمە كويدا، نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ كېلەيلى، — دەپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ قوشۇلۇپتۇ. ئۇ بېرىپ دەرۋازىنى ئۇرسا، قۇدرەت ئۆزى چىقىپ ئېچىپتۇ. ۋەزىر ھودۇقۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي:

— قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇدرەت خاتىرجەم ھالدا ۋە ئۆيگە كىرىپ گۈلنى ئاچقىپتۇ. قۇدرەت ۋەزىر بىلەن بىللە پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ. پادىشاھ لام-جىم دېيەلمەي قاپتۇ. پادىشاھ قۇدرەتنى ئۆيگە قايتۇرۇۋېتىپتۇ-دە، ۋەزىرلىرىنى يىغىپ:

— ئىش بىز ئويلىغاندەك بولمىدى. قۇدرەت ئۈچ يۈز يىللىق يولنى بەش كۈندە بېسىپ كۆھقاپقا بېرىپ كەلدى. ئەمدى قانداق چارە-تەدبىر قوللانساق ئۇنىڭدىن قۇتۇلىمىز؟ — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. ۋەزىرلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار. ئەتىدىن باشلاپ خەلققە ئۈچ كۈنلۈك يانتاق سېلىقى سالىمىز. ئۇلار ئەكەلگەن يانتاقنى قۇدرەت ئۇدۇللۇق رەتلەپ دۆۋىلىسۇن. قۇدرەت دۆۋىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان پەيتتە ئاستىدىن ئوت قويۇۋېتىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆيۈپ تۈگىشىدۇ.

بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا يېقىپتۇ، ئەتىسىلا خەلققە يانتاق سېلىقى ساپتۇ، ئاندىن قۇدرەتنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئەتىدىن باشلاپ كىشىلەر ئەكەلگەن يانتاقنى ئۇدۇللۇق دۆۋىلەڭ، — دەپتۇ.

قۇدرەت ئاخشىمى ئۆيگە قايتىپ، ئايالىغا پادىشاھنىڭ دېگەنلىرىنى ئېيتىپتۇ. ئايالى پادىشاھنىڭ مەقسىتىنى بىلىپتۇ-دە، قۇدرەتكە چېچىدىن بىر تال يۇلۇپ بېرىپ:

— ئەگەر بىرەر خەۋپ-خەتەرگە ئۇچرىسىڭىز، مۇشۇ

چېچىمنى كۆيدۈرسىڭىز قۇتۇلىسىز، — دەپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ قۇدرەت يانتاقنى دۆۋىلەشكە باشلاپتۇ. يانتاق ئاسمان - پەلەك ئېگىزلەپتۇ. قۇدرەت ئەنە شۇ دۆۋىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان پەيتتە ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا ئوت يېقىۋېتىپتۇ. قۇدرەت دەرھال ئايالى بېشىدىن يۇلۇپ بەرگەن چاچنى ئېلىپ كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ زامات تۆت دىۋە پەيدا بوپتۇ - دە، قۇدرەتنى ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىپتۇ، كۈن قايرىلىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە، يەرگە پەسلەپ ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشۇپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ۋەزىرلىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ، قۇدرەتنىڭ ئۆيىدىن خەۋەر ئەكېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر بېرىپ دەرۋازىنى قاققانىكەن، قۇدرەت ئۆزى چىقىپ ئېچىپتۇ. ۋەزىرنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي، دۇدۇقلاپ:

— پادىشاھ سىزنى ھۇزۇرىغا چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. قۇدرەت ۋەزىر بىلەن بىللە سارايغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ مەڭدەپ قاپتۇ.

— ئادەم ئەۋەتكەنىكەنسىز، مانا كەلدىم، ماڭا يەنە قانداق خىزمەت بار، پادىشاھئالەم؟ — دەپتۇ قۇدرەت پادىشاھقا خۇددى ھېچ نەرسە بولمىغان قىياپەتتە.

پادىشاھ خېلىغىچە نېمە دېيىشنى بىلمەي جىمىپ قاپتۇ، بىرھازادىن كېيىن ئەس - ھوشىنى يىغىپ شۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ ئانام ئەسلىي پەرىشتىلەردىن ئىدى. بىلىشىمچە، ئۇ ھازىر يەتتىنچى قەۋەت ئاسماندا. خەۋىرىڭىز بار، مەن مۇشۇ كۈنلەردە بىداۋا كېسەلگە مۇپتىلامەن. مېنى بۇ دەردتىن خالاس قىلىش پەقەت سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ. تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئانامنىڭ ھېچكىمگە كۆرسەتمەيدىغان يېپەك كۆڭلىكىنى يۈزۈمگە سۈرتسەم ساقىيار ئىكەنمەن. سىز يەتتىنچى ئاسمانغا چىقىپ، ئانامنىڭ شۇ كۆڭلىكىنى ئېلىپ

چۈشىسىڭىز.

قۇدرەت پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ، ئوردىدا بولغان گەپلەرنى ئايالىغا ئېيتىپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ قىلچە تەشۋىشلەنمەي دەم ئېلىشىنى، ئەتىگىچە كۆڭلەكنىڭ تەييار بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە كېچىچە ئولتۇرۇپ پادىشاھ ئېيتقاندىنمۇ ئېسىل بىر كۆڭلەك توقۇپتۇ، كېيىن پادىشاھنىڭ ئانىسىنىڭ نامىدىن پادىشاھنى يەتتىنچى ئاسمانغا تەكلىپ قىلىپ خەت يېزىپتۇ. قۇدرەت خەت بىلەن كۆڭلەكنى پادىشاھقا تاپشۇرۇپتۇ. پادىشاھ خەتنى ئوقۇپ:

— ئانام مېنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىپتۇ. سىز ماڭا يول كۆرسىتىڭ. تا مۇشۇ كۈنگىچە سىز ماڭا ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلدىڭىز، بۇ ئىشنى سىزدىن باشقا ھېچكىم بېجىرەلمەيدۇ. ئاسمانغا بىر چىقىپ چۈشەيلى، — دەپتۇ. قۇدرەت ماقۇل بوپتۇ.

— ئاسمانغا قانداق چىقىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ قۇدرەتتىن.

— خەلققە يەنە يانتاق يىغىشنى بۇيرۇڭ. بىز ئۇنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ تۇرىمىز، شۇ چاغدا ۋەزىرلەر يانتاققا ئوت يېقىۋېتىدۇ. شۇ پەيتتە سىز مېنىڭ پاچىقىمغا ئېسىلىسىز، ئوت يالقۇنىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆرلەپ، ئاندىن ئاسمانغا چىقىۋالىمىز، — دەپتۇ قۇدرەت.

پادىشاھ ئەتىسى كىشىلەرنى يانتاق يىغىشقا بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ قۇدرەت بىلەن يانتاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دەسسەپ چىڭداۋاتقاندا، ۋەزىرلەر ئاستىدىن ئوت يېقىۋېتىپتۇ. پادىشاھ قۇدرەتنىڭ پاچىقىغا ئېسىلىپتۇ. قۇدرەت دەرھال يېنىدىكى چاچنى كۆيدۈرۈپتۇ. تۆت دىۋە پەيدا بولۇپ، قۇدرەتنى ئاسمانغا

ئېلىپ ئۇچۇپتۇ. پادىشاھ قۇدرەتنىڭ پاچىقىنى تۇتۇپ بىر-
ھازادىن كېيىن مادارى قالماي قويۇۋېتىپتۇ ـ دە، كۆيۈپ
تۇرغان يانتاق ئۈستىگە چۈشۈپ كۇلگە ئايلىنىپتۇ. قۇدرەت
ئوت ئۆچكىچە يەرگە چۈشۈپ بوپتۇ ھەمدە شەھەر خەلقىنىڭ
تەلىپى بويىچە پادىشاھ بوپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ قۇدرەت
خەلققە زۇلۇم سالغان زالىم ئەمەلدارلارنى، نادان ۋەزىرلەرنى
جازالاپتۇ، ھەر خىل سېلىقلارنى بىكار قىپتۇ، يۇرتتا ئادالەت
ئورنىتىپتۇ. دەرھال ئاتا ـ ئانىسىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ھەم-
مىسى بىرلىكتە ئۇزاق يىللار خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش كە-
چۈرۈپتۇ.

# ۋاپادار قۇش

بۇرۇن بىر پادىشاھنىڭ تولىمۇ ئەتىۋارلاپ باققان بىر
ۋاپادار قۇشى بار ئىكەن. شاھنىڭ دوستلىرى كەلسە: «دوس-
تۇڭ كەلدى» دەپ سايراپ، ئوڭ قانىتىنى قاقىدىكەن، دۈش-
مىنى كەلسە: «دۈشمىنىڭ كەلدى» دەپ سول قانىتىنى قاق-
دىكەن، پادىشاھ ئۇ قۇشنى ئوڭ قولىغا قوندۇرۇپ، يەرگە
چۈشۈرمەي كۆتۈرۈپ يۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ شۇ ۋاپادار قۇشنى ئېلىپ
ئوۋغا چىقىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، ئاخىر
بىر پايانسىز چۆللۈككە كىرىپ قاپتۇ. ئۇلار سۇلىرى تۈگەپ،
تەشنالىقتىن ئۆلەر ھالەتكە يېتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرا-
لىرىغا: «بولمىدى، ئەتراپلارغا قاراڭلار، سۇ تېپىڭلار» دەپ
ئەمر قىپتۇ. ۋەزىر ھەم نۆكەرلەر ئەتراپتىن سۇ ئىزدەشكە
كىرىشىپتۇ، خېلى يەرلەرگىچە سۇ ئىزدەپ بېرىشىپتۇ، تاپال-
ماپتۇ. ئىككى نۆكەر بىر ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدىن سۇزۇك
سۇنىڭ تامچىپ چۈشۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ، «ۋاي سۇ
تاپتۇق» دەپ خۇشال بولۇپ، بۆكىنى ئاسمانغا ئېتىشىپتۇ.
ئۆزلىرىنىڭ بۇ خۇشاللىقىنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ
بۇنى ئاڭلاپ: «ئاشۇ سۇدىن باشقىڭلار ئىچمەي تۇرۇپ، ئالدى
بىلەن ماڭا بىر قاچا ئەكېلىپ بېرىڭلار» دەپتۇ. ۋەزىرلەر

«خوپ» دېيىشىپ، تامچىپ تۇرغان سۇغا قاچا تۇتۇپ تولدۇرۇپ، بىر قاچا سۇنى ئەكەپتۇ. پادىشاھ قاچىنى قولىغا ئېلىپ سۇنى ئىچەي دېيىشىگە، ھېلىقى قۇش سول قانىتىنى قېقىپ قاچىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ، سۇ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ قولىدىكى قۇشقا ھومىيىپ قويۇپ، ۋەزىرلەرگە يەنە بىر قاچا ئەكېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. ۋەزىرلەر يەنە مىڭ تەستە تولدۇرۇپ بىر قاچا سۇ ئەكېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ قاچىنى ئەمدىلا ئاغزىغا ئېلىپ بېرىشىغا، قۇش يەنە سول قانىتى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ سۇنى تۆكۈۋېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ، لېكىن يەنە: «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن ماقالنى ئەسلەپتۇ - دە، ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ.



ۋەزىرلەرنى ئۈچىنچى قېتىم سۇغا بۇيرۇپتۇ. ۋەزىرلەر سۇنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ. بۇ قېتىممۇ قۇش يەنە قانىتى بىلەن ئۇرۇپ سۇنى تۆكۈۋېتىپتۇ، پادىشاھنىڭ قولىدىكى قاچا ئېگەرنىڭ بېشىغا تاراڭڭىدە تېگىپ چۇل - چۇل بولۇپ كېتىپتۇ، پادىشاھ ئەمدى ئاچچىقىنى زادىلا باسالماي قۇشنى ئېگەرنىڭ

بېشىغا بىر ئۇرغانىكەن، قۇش تىن تارتمايلا ئۆلۇپ قاپتۇ. «ئاچچىق ئالدىدا يۇرىدۇ، ئەقىل كەينىدە» دېگەندەك، پادىشاه قۇشنى ئۆلتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن سەل ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە ۋەزىر، نۆكەرلەرگە قاراپ:

— قۇشنىڭ سۇنى تۆكۇۋېتىشىدە بىر سەۋەب باردەك قىلىدۇ. سىلەر بېرىپ مۇشۇ سۇنىڭ مەنبەسىنى تەكشۇرۇپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.

— خوپ ! — دەپتۇ ۋەزىر. نۆكەرلەر تىك تاغقا يامىشىپ چىقىپ، ئاخىر سۇ چىقىۋاتقان مەنبەگە يېتىپتۇ، مەنبەنى كۆرۇپ چۆچۇپ كېتىپتۇ، قارىسا، تاش ئۆڭكۇرنىڭ ئىچىدە بىر ئەجدىها ياتقان، ئەجدىهانىڭ ئاغزىدىن شۆلگىيى تامچىلاپ ئېقىپ تۇرغۇدەك، لېكىن چۇشۇۋاتقىنى سۇ ئەمەس، بەلكى زەهەر ئىكەن. ئۇلار دەرهال تاغدىن يېنىپ چۇشۇپ، ئەهۋالنى پادىشاهقا يەتكۇزۇپ:

— ۋاي پادىشاهىئالەم، تاغدىن تامچىپ چۇشكىنى سۇ ئەمەسكەن، بەلكى ئەجدىهانىڭ جاۋغىيىدىن تامغان زەهەر ئىكەن، — دېيىشىپتۇ.

پادىشاه بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۇپ كېتىپتۇ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ يېتىپتۇ - دە:

— قۇش ماڭا ياخشىلىق قىپتىكەن، مەن ئۇنىڭغا يامانلىق قىپتىمەن. ۋاي ئىسىت، ۋاپادار قۇشۇم، — دەپ، قۇشنىڭ ئۆلۇكىنى قولىغا ئېلىپ هۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ هەسرىتى زېمىننى بېسىپتۇ. پادىشاه ئۆمۇر بويى پۇشايمان يەپ ئۆتۇپتۇ.

«ۋاپاغا جاپا» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

[General Information]
书名=维吾尔民间故事 13　维吾尔文
SS号=40250809